# 5 - ئىيۇل
# ئۈرۈمچى قەتلىئامى
# دوكلاتى

## قەتلىئامدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققىچە

2021 ئىيۇل

خۇمارگۈل ھۆمەيرا ئۇلۇغيول | ئەلى لەتىفئوغلى | نۇرىددىن ئىزباسار



ETHR
DOĞU TÜRKİSTAN İNSAN HAKLARI İZLEME DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى
EAST TURKISTAN HUMAN RIGHTS WATCH ASSOCIATION
مرصد تركستان الشرقية لحقوق الإنسان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسمىي دوكلات- 03
قەتلىئاملار دوكلاتى
2021 ئىيۇل

بۇ دوكلاتنىڭ بارلىق نەشىر هوقۇقى ETHR گە مەنسۇپ بولۇپ، رۇخسەتسىز هېچقانداق بىر سۇپىدا تارقىتىلىشى، كۆپەيتىلىشى ۋە چوڭايتىپ ياكى كىچىكلىتىلىپ بېسىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. مەنبە كۆرسىتىپ رەفەرانس ئالسا بولىدۇ.

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى دوكلاتى

قەتلىئامدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ماڭغان يول

**تەييارلىغۇچىلار:** خۇمارگۈل هۆمەيرا ئۇلۇغيول، ئەلى لەتىفئوغلى، نۇرەددىن ئىزباسار

**باش مۇھەررىر:** نۇرەددىن ئىزباسار

**ئۇيغۇرچە تەھرىر:** مۇھەممەد ئەمىن نۇرى

**تور بەت مۇھەررىرى:** ئەلى لەتىفئوغلى

**مۇقاۋا لاھىيەلىگۈچى:** ئىستىقلال مېدىيا

**بەتچىك:** رۇقىيە تۇرغۇن ھەسەن

ETHR
DOĞU TÜRKİSTAN İNSAN HAKLARI İZLEME DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيتى
EAST TURKISTAN HUMAN RIGHTS WATCH ASSOCIATION
مرصد تركستان الشرقية لحقوق الإنسان

Karagümrük Mah. Sarmaşık Sok. No:30 D:1 Fatih, İstanbul, Türkiye
www.ethrw.org | info@ethrw.org

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 1

1. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 5-ئىيۇلغىچە ئېلىپ بارغان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ........ 2

1.1 ياشلارنى ئېشىنچا كۈچ سۈپىتىدە خىتايغا يۆتكەش ........ 2

1.2 قوش تىل مائارىپ سىياسىتى ........ 3

1.3 خىتاينىڭ دىنىي سىياسەتلىرى ........ 5

1.4 خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ........ 8

2. ئۈرۈمچىدە نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ ........ 8

2.1 ئۈرۈمچى نامايىشىنىڭ ئوت پىلتىسى – شاۋگۇەن قەتلىئامى ........ 8

2.2 قەتلىئام قانداق باشلاندى ۋە 5-ئىيۇل كۈنى نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ ........ 11

2.3 7-ئىيۇل: خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئوۋلاش كۈنى ........ 16

2.4 خىتاينىڭ قەتلىئامدىن كېيىنكى سىياسىتى ........ 19

2.5 خەلقئارانىڭ ئىنكاسى ........ 24

2.6 داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ........ 26

خۇلاسە ........ 28

پايدىلانمىلار ........ 30

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

2005-يىلدىن باشلاپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان يېزا قىشلاقلىرىدىن ياش قىزلارنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا ئىشىنچا ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە مەجبۇرىي يۆتكەشكە باشلىدى. بۇ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىدى. پەقەتلا 2006-يىلى، يوپۇرغا ناھىيەسىدىن تەخمىنەن 2500 نەپەر ئەتراپىدا ياش ئۇيغۇر قىزى خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىگە يۆتكەلگەن.[1] يەرلىك خىتاي دائىرىلىرى ئائىلەلەرنىڭ دەسلەپتە قىزلىرىنى خىتايغا ئەۋەتىشكە قايىل قىلىش ئۈچۈن خەلققە بېسىم قىلىشقا باشلىغان. لېكىن كىشىلەر قىزلىرىنى خىتايغا ئەۋەتىشكە قوشۇلمىغان. ئاندىن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى (خ ك پ) يەرلىك ئەمەلدارلىرى يېزا-بازارلاردىكى مەمۇرىي ئورگانلارغا خىتايغا يۆتكەيدىغان قىزلارنىڭ يېشى ۋە سانى ھەققىدە ئۆلچەم بېكىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ساننى تولدۇرۇشقا بۇيرۇغان. ھەر قايسى يېزا-بازارلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئۆلچەمنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تولدۇرۇپ، قىزلارنى خ ك پ ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان. يەرلىك دائىرىلەر خەلقنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، تېرىلغۇ يەرلىرىگە سۇ بەرمەسلىك، سىياسىي گۇمانلىق ئائىلە تىزىملىكىگە ئېلىش، بۆلگۈنچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەش قاتارلىق خىلمۇ-خىل ھىيلىلەر بىلەن تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق قىزلارنى مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىپ ئۇلارنى ئائىلىلىرىدىن ئايرىشقا باشلىغان. ئەمما قىزلارنىڭ ئېلىپ كېتىلىشى جەمئىيەتتە نارازىلىق پەيدا قىلىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇللارنىمۇ ئېلىپ كېتىشكە باشلىدى. خ ك پ نىڭ ۋەدىسى بولسا ئاتالمىش ئىشىنچا ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنى بېيىتىش ئىدى. ئەمما، ئېلىپ كېتىلگەن قىزلارنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىككە مەجبۇرلانغانلىقى، ئائىلىسىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقى، ئۇلار بارغان زاۋۇتلاردا تورمە تۇرمۇشىدەك كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى، ماشالىرىنىڭ بېرىلمىگەنلىكى ۋە باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە خەۋەرلىرى تارقىلىشقا باشلىدى. 2009 -يىلى 26-ئىيۇن كۈنى خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۈەن شەھرىگە جايلاشقان ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا مەجبۇرىي ئىشلىتىلىۋاتقان 800دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ياشقا خىتاي ئىشلەمچىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ ھوجۇم قىلىش ۋەقەسى كېچە سائەت 02:00 لەر ئەتراپىدا پىلانلىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. بۇ ۋەقە ناھايىتى تېزلا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقالدى. يىللاردىن بۇيان خ ك پ نىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى خىتايغا ئېلىپ كېتىشىگە قارىتا شەرقىي تۈركىستان خەلقى نارازى ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە خىتايلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئىرقچى شۇئارلىرى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ۋەقە سادىر بولۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ ئىرقچى خىتايلارنىڭ جازالانماسلىقى،غەزەپنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھرىدە ياشايدىغان، كۆپىنچىسى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ياشلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق يىغىلىپ، ۋەقەدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەققىنى قوغداش، كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىي خىتايغا ئېلىپ كېتىلمەسلىكى، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان زۇلۇم ۋە كەمسىتىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تىنچ شەكىلدە قوللىرىدا خىتاي بايراقلىرى بىلەن مەيدانغا يىغىلدى. يىغىلغانلارنىڭ قولىدا خىتاي بايرىقى بولسىمۇ، خىتاي دائىرىلىرى نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنى بۆلگۈنچىلىك بىلەن ئەيىبلىدى ۋە 5-ئىيۇل كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئېغىر قوراللار بىلەن قانلىق باستۇردى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى ۋە قولغا ئېلىندى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان كىشى ئىز-دېرەكسىز غايىب بولدى. خىتاي دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنى خەلقئاراغا تېررورلۇق ۋەقەسى دەپ جاكارلىدى ۋە شەرقىي تۈركىستان چېگراسى ئىچىدىكى پۈتكۈل ئىنتېرنېت تورىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، خەلقئارا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ كەتتى، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ۋەقەلەر قاتتىق باستۇرۇلدى، ساقچىلارغا چەكسىز ھوقۇق بېرىلدى. 5-ئىيۇلدىكى قەتلىئامدىن كېيىن مىڭلارچە كىشى قولغا ئېلىندى. گەرچە قىرغىنچىلىق يۈز بەرگىلى 11 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما قىرغىنچىلىقنىڭ ئىزتىراپلىق تەسىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدە قانغان جاراھەت بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1. Gülchehre, ‘Çin Hükemetinin Genç Uygur Kızlarını İstihdam Bahanesinde Çin’e Taşımalarının Gerçek Amacı Nedir?(خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياش ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى نېمە؟ — ئۇيغۇر)’, Radio Free Asia, 2007 <https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/xitaygha-yotkesh-20070116.html> .

# 1. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 5-ئىيۇلغىچە ئېلىپ بارغان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

2001-يىلى 11-سېنتەبىر كۈنى نيۇيوركتىكى دۇنيا سودا مەركىزى (قوش مۇنار) ۋە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى (بەشبۇرجەكلىك بىنا) غا قىلىنغان ھۇجۇمدىن كېيىن ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ۋەقەلەرنى تېرورلۇق نامىدا سۈيئىستىمال قىلىشقا ۋە قاتتىق باستۇرۇشقا باشلىدى. خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خەلقئارالىق «تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى» گە چېتىپ، ئۆزىنى «تېرورلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان» دۆلەت دەپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. دەسلەپتە بۇ تەشۋىقات غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، رامىزان ئېيىدا ئۆلىمالارنى قولغا ئېلىشقا، مەسچىتلەرگە كىرىپ چىقىشنى كونترول قىلىش ئارقىلىق دىنىي سورۇنلارنى چەكلەشكە باشلىدى. خىتاي دائىرىلىرى بىرتەرەپتىن ئۆلىمالارنى «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس دەپ ئەيىبلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئۇلارنى تەھدىد دەپ قارىدى. خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئىدارە - ئورگانلاردا «سىياسىي تازىلاش» ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق ئۇسۇللارنى قوللاندى.[2] 2002-يىلى خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تېخىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا قولايلىق ياراتتى. چۈنكى، خىتاي ئەمدى ئەرزان باھالىق تاۋارلىرىنى خەلقئارا بازاردا ئەركىن ساتالايتتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى بېسىمنى تېخىمۇ ئاشۇرالايدىغانلىقى، بۇ بېسىملارنىڭ دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغان ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاپ، ئۇچتىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولۇشنى چەكلەشنى ئاساس قىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياستى تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ قاتتىق يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەرخىل ئوقۇغۇچىلارنى خىتايدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە يۆتكەش ئارقىلىق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا ۋە يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا مەجبۇرىي يۆتكەش ئارقىلىق ئىشلىتىشكە باشلىدى. دەسلەپتە، ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ئوقۇتۇش تىلى بولۇشتىن چىقىرىۋېتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا 2008-يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىكنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا جىددىي ھالەت يولغا قويۇلدى. بىخەتەرلىك باھانىسىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قولغا ئېلىندى، بىر مەھەللىدىن يەنە بىر مەھەللىگە ئۆتكەندىمۇ كىملىك تەكشۈرتۈپ ئۆتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. 2009-يىلىدا شەرقىي تۈركىستان ئاللىبۇرۇن ئىشغالىيەت مەنزىرىلىك ساقچى دۆلىتىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى.

## 1.1 ياشلارنى ئېشىنچا كۈچ سۈپىتىدە خىتايغا يۆتكەش

2005-يىلدىن باشلاپ، خ ك پ ھۆكۈمىتى ياشلارنى «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان يېزىلىرىدىن خىتاينىڭ يىراق جايلىرىغا يۆتكەشكە باشلىغان. خىتايدىكى زاۋۇتلارغا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، ئارتۇش، خوتەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بالىلىرى ئىدى.[3] بۇ سىياسەت دائىرىسىدە، 2005-يىلى 670 مىڭ، 2006-يىلى 120 مىڭ، 2007-يىلى بىر مىليون 450 مىڭ ياش مەجبۇرىي ھالدا ئۆز يۇرتىدىن خىتايدىكى زاۋۇتلارغا ئەۋەتىلدى.[4] 2006-يىلى، قەشقەر ۋىلايىتى يوپۇرغا ناھىيەسىدىن 2450 نەپەر ئۇيغۇر قىزى خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا ئەۋەتىلدى.[5] يەنە 2006-يىلى، پەيزىۋات ناھىيەسى غولتوغراق يېزىسىدىن 400 ئەتراپىدا ئۇيغۇر قىزى بېيجىڭ ۋە تيەنجىندىكى زاۋۇتلارغا ئەۋەتىلدى. يەرلىك خ ك پ دائىرىلىرى بالىلىرىنى ئەۋەتىشنى خالىمايدىغان ئائىلىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش بىلەن تەھدىت سالدى.[6] 2006-يىلى، قەشقەر كوناشەھەردىن 400 نەپەر ئۇيغۇر قىز تيەنجىندىكى لەنچى پەلەي زاۋۇتى (天津 蓝 齐 手套 厂) ۋە تيەنجىن جىنجياڭ ئاياغ زاۋۇتى (天津 津 江 制鞋 有限公司)

2. Amnesty International, *China's anti-terrorism legislation and repression in the Xinjiang Uighur Autonomous region |*, Amnesty International, 2002 <https://www.amnesty.org/en/documents/ASA17/010/2002/en/>

3. Nureddin İzbasar, *Doğu Türkistan Raporu: Geçmişten bugüne dini ve etnik baskılar* (İstanbul, 2020) <https://www.ihh.org.tr/public/news/4/4462/dogu-turkistan-raporu---nurettin-izbasar.pdf>.

4. Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti, "新疆维吾尔自治区3年转移300多万农业富余劳动力", *Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti (中华人民共和国人民政府)*, 2008 <http://www.gov.cn/jrzg/2008-04/17/content_947069.htm>.

5. Gülçehre, "(Çin hükümetinin genç Uygur kızlarını düşük fiyatlarla Çin illerine yerleştirmesinin gerçek amacı nedir?) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياش ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باھاسىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى نېمە؟", *Radio Free Asia*, 2007 <https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/xitaygha-yotkesh-20070116.html>.

6. Erkin, "(Peyziavatlı Uygur kızlar Çin'in elayetlerinde çalışmaya zorlandı) پەيزىۋاتلىق ئۇيغۇر قىزلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەشكە مەجبۇرى ئېلىپ كېتىلدى", *Radio Free Asia*, 2006 <https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/ichkirige-yotkesh-20061218.html>.

www.uyghurkitap.com

工作) غا ئەۋەتىلدى. 2007-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بۇ سىياسەت دائىرىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جەنۇبتىكى شەھەر ۋە يېزىلىرىدىن 900 مىڭ ئۇيغۇر ئانا ۋەتىنىدىن خىتاي مەملىكىتىگە يۆتكەلدى.[7] بۇ سىياسەت شەرقىي تۈركىستاندا زور نارازىلىق پەيدا قىلغان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى بېسىم ۋە تەھدىت بىلەن بۇ سىياسەتنى مەجبۇرى داۋاملاشتۇردى. چۈنكى خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئوپولىتىك نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان ئىدى، بولۇپمۇ توي قىلمىغان ياش قىزلارنى خىتايغا يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ خىتايدا قېلىپ، خىتايلىشىپ كېتىشىنى نىشان قىلاتتى. بۇ سىياسەت 2009-يىلدىكى قانلىق ۋەقەلەرگە سەۋەپ بولۇشىغا قارىماستىن، تا ھازىرغىچە ئىزچىل يۈرگۈزۈلۈپ قۇل ئىشچىلىق سىستېمىسى ھالىتىگە تەرەققىي قىلدى.

## 1.2 قوش تىل مائارىپ سىياستى

1949-يىلى خ ك پ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قوش تىل مائارىپنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ،شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى قۇرۇلمىسىنى يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ ۋە ياساپ چىقىپ، سۈنئىي مىللى كىملىكلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنىڭ يىللارچە تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. مەقسەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر پۈتۈن ئېتنىك تۈرك مىللىي كىملىكىنى پارچىلاپ، شەكىللەنگەن بۆلۈنمىچىلىكتىن پايدىلىنىپ ئىشغالىغا ئۇل سېلىش ئىدى، بۇ رامكا ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تىلىنى چەكلەش ۋە خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە تىرىشتى. 1950-يىلى، خىتاي تىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ» قارارى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى دەرسلىك تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 1959-يىلى، شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئالىي مائارىپ ئورگانلىرى خىتايچە تەييارلىق سىنىپىنى مەجبۇرىي دەرسلىك قىلىپ بېكىتتى. 1964-يىلى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوش تىل مائارىپ سىياستىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى ۋە دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى بىر قانچە مەكتەپتە سىناق سۈپىتىدە تەتبىقلاندى. ئەمما، 1966-يىلى خىتايدا باشلانغان ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابى سەۋەپلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى تاقالدى. 1976-يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،خىتايچە قايتىدىن مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. خ ك پ ھۆكۈمىتى 1985-يىلى 9-ئاينىڭ 12-كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خىتايچىنى مەجبۇرىي دەرسلىك قىلىپ بېكىتتى.[8] خىتاي دەسلەپتە خىتايچىنى پەقەت بىر تىل دەرسى سۈپىتىدە دەرسلىك تىزىملىكىگە كىرگۈزدى؛ بىرمەزگىلدىن كېيىن قوش تىل مائارىپى سىياستىنى ئېلان قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە يەرلىك مائارىپتىن چىقىرىۋېتىلدى. يولغا قويۇش جەريانىدا، ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىتايچە سەۋىيەسى يېتەرلىك بولمىغاچقا، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشكە ۋە ياكى خىتايچە ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى خىتايغا يۆتكەپ كېتىپ پۈتۈنلەي خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇشقا باشلىدى. 2006-يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.[9]

2004-يىلى، خ ك پ ئاتالمىش «شىنجاڭ كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى» «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىل مائارىپىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ خۇلاسىسى»نى ئېلان قىلدى. قاراردا، قوش تىل مائارىپىنى يولغا قويۇش ۋە زۆرۈر قەدەملەرنى بارلىق پارتىيە ئىشخانىلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتتى.[10] 2005-يىلى قوش تىل مائارىپىنىڭ دائىرىسى يەسلىگىچە كېڭەيتتى. 2008-يىلى، مەزكۇر سىياسەتنى تېزلىتىش ئۈچۈن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوش تىل مائارىپىنى تېخىمۇ كەڭرى ۋە قاتتىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە ئېلان قىلىندى. مۇشۇ چاغلاردىن باشلاپ، خىتاينىڭ نەزىرىدىكى قوش تىل مائارىپ ئەندىزىسى يەسلىدىن باشلاپ باللارنىڭ ئانا تىلدا سۆزلىشىنى چەكلەپ، يەسلىدىن ئۇنىۋېرسىتېتقىچە بولغان مائارىپ تىلىنى پۈتۈنلەي خىتايچە قىلىش ئەندىزىسى ئىدى. ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە چەكلىنىپ، قوش تىل مائارىپىنىڭ دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. بۇ سىياسەتنىڭ ئاخىرقى

7. Li Xingchi, “(Xinjiang Hükümeti, çiftçiler ve çobanlar için yeni bir istihdam programı yürütme yoluna giriyor) 新疆走出农牧民劳动力转移就业培训新路子”, *CCTV.com*, 2007.

8. Emet Erkin, “Doğu Türkistan’da çift dilli eğitim”, içinde *Uluslararası Asya ve Kuzey Afrika Çalışmaları Kongresi (ICANAS 38)*, 2007 <https://www.ayk.gov.tr/wp-content/uploads/2015/01/EMET-Erkin-DOĞU-TÜRKİSTAN’DA-ÇİFT-DİLLİ-EĞİTİM.pdf?fbclid=IwAR1Wojz_J2dJGz_5xi27HPrnkW-ZGSKz7jttb--hbR1XB1TSmV-zULOszXg>.

9. Sina, “2010 yılına kadar, Çin’in uzak bölgelerindeki Xinjiang Sınıfların sayısı 20.000’e yükselecek到2010年新疆内高班人数将增加到2万人", 新浪教育, 2006 <http://edu.sina.com.cn/exam/2006-08-21/104251067.html>

10. Wuyouwendang Net, “Xinjiang’daki etnik azınlıklar için iki dilli eğitimin gelişim süreci (新疆少数民族双语教育发展历程综述)”, www.51jzrc.cn, 2019 <https://www.51jzrc.cn/show-32-103074-1.html>.

مەقسەدى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تىلىنى يوقىتىش ئىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتالمىش مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونوم رايونلاردىكى مىللىتى خىتاي بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ ئورگانلىرىدا ئۆز تىلىدا تەربىيىلىنىش ھوقۇقى بارلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ خىتاي بۇنى پەقەت قەغەزگە يېزىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن ئىدى. 2004-يىلدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى قوش تىل مائارىپى باھانىسى بىلەن مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ۋە قازاق تىلىدىكى مائارىپنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋە قازاق ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشتىن بوشىتىشقا باشلىدى. بۇ سىياسەتلەر بىلەن بىللە، مائارىپ ساھەسىدىكى «以民为主 - يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ئاساس قىلىش» دېگەن شۇئارنىڭ ئورنى «民汉兼通 - خىتاي ۋە باشقىلارنى بىرلەشتۈرۈش» ۋە ئاندىن «以汉为主-خىتايچىنى ئاساس قىلىش» دېگەن شۇئارغا ئۆزگەرتىلدى.[11] بۇ سىياسەت بۇگۈن بارلىق خىتاي ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىدە خىتاي تىلىنىڭ مەجبۇرىي ئىشلىتىلىشى شەكلىگە ئۆزگەردى ۋە بۇ ھالەتتە داۋام قىلماقتا.




جەدۋەل 1: شەرقىي تۈركىستاندىكى قوش تىل مائارىپى سىياسىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىنى ئىستېمالدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە چەتكە قېقىش سىياسىتى مىللەتنىڭ زىيالىيلىرىنى ئەندىشىگە سالغان ئەڭ مۇھىم بىر ئىش ئىدى. خىتاينىڭ ئاتالمىش ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كەلگەن پروفېسسور ئىلھام توختى، 2010-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قوش تىل مائارىپ سىياسىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. بېيجىڭدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ تەتقىقاتتا قاتناشقانلارنىڭ 95.45%ى شەرقىي تۈركىستاندىكى قوش تىل ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى زور دەرىجىدە قامال قىلىنغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىغان دەپ قارىغان.[12] پروفېسسور ئىلھام توختى تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوش تىل مائارىپىدىكى ئورنىنىڭ داۋاملىق تۆۋەنلەۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پاسسىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوتسېنت ئەركىن ئەمەت بۇ تېمىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا، خىتاينىڭ قوش تىل مائارىپ سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە بۇنىڭ خىتاي ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپ قىلمىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا

11. Gulcennet Tursuntohti, Abdukahar Abdukerem, ve Kang Jiahua, “Xinjiang Uygurlarının çift dilli eğitiminin gelişim tarihinin kısa bir literatür taraması (新疆维吾尔族双语教育发展历史的简短文献梳理)”, 科技视界, 31 (2015) <http://www.cqvip.com/qk/70356a/201531/666339113.html>
12. Tohti İlham, “Pekin’deki Uygur üniversite öğrencilerinin Xinjiang’daki çift dilde eğitime yönelik tutumları hakkında araştırma (在京维吾尔族大学生对新疆双语教育的态度调查)”, 维吾尔在线, 2011 <http://uyghurbiz.org/在京维吾尔族大学生对新疆双语教育的态度调查/>

قويغان.[13] شەرقىي تۈركىستانلىقلار قوش تىل مائارىپى نامىدىكى خىتايچە مەجبۇرىي مائارىپ تۈپەيلى ئانا تىلىنىڭ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما، بۇ سىياسەتكە قارشى چىقسا، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېرورلۇق جىنايىتى بىلەن جازالىنىدىغانلىقىنى ھەم بىلەتتى. 2009-يىلى 5-ئىيۇلدىن ئىلگىرى، تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان مائارىپ سىستېمىسى ۋە ئانا تىل مائارىپىنىڭ تەدرىجىي چەكلىنىشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئەندىشە پەيدا قىلغان ۋە خىتايغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتىنى كۈچەيتكەن ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىدى.



رەسىم 1: ئۈرۈمچىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-يىللىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ۋە خىتايچىلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىيات كىتاب. مەنبە: خىتاي خەۋەر ئاگېنتلىقى، 2009-يىل

## 1.3 خىتاينىڭ دىنىي سىياسەتلىرى

1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان خ ك پ ئارمىيەسى، 1955-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئاتالمىش ئاپتونومىيە رامكىسىغا ئالدى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» غا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندا 1000 يىلدىن بېرى تۈرك-ئىسلام ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بارلىق مەدرىسەلەر، مەكتەپلەر ۋە مەسچىتلەر تاقىلىشقا باشلىدى ۋە ئۆتمۈشكە دائىر ئىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆچۈرۈپ تاشلىنىشقا باشلىدى. خ ك پ 1956-يىلى ئېلان قىلغان بىر دوكلاتتا، 1950-يىلىنىڭ بېشىدا، يەنى ئىشغالىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 29500 مەسچىت بار ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەسچىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى چېقىۋېتىلگەن ۋە 1978-يىلى، مەسچىت سانى 2930 غا چۈشۈپ قالغان.[14] 1966-يىلى خىتايدا ماۋ زېدوڭ باشچىلىقىدا مەدەنىيەتكە قارشى ئاتالمىش«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. بۇ ئاتالمىش ئىنقىلاب شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ماۋ زېدوڭنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى جەمئىيەتنى تارىخىي قىممەت قاراشلاردىن ئۈزۈپ تاشلاش، دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، يېڭى بىر كىملىكنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرىي خىتايلاشتۇرۇش ئىدى. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەسلىدىنلا بۇلاپ ئېلىنغان ھەق - ھوقۇقلىرى ناھايىتى ھېيلىگەرلىك بىلەن يەنە بىر پەللە باستۇرۇلۇپ، تۈرك-ئىسلام مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان ھەممە نەرسىنى قالاقلىق دەپ دۈشمەن ئېلان قىلدى ۋە يۈزلىگەن زىيالىي ۋە ئۆلىمالار ئۆلتۈرۈلدى. بۇ بېسىملارغا قارشى،1967-يىلى ئۈرۈمچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى قۇرۇلدى. بۇ پارتىيە گەرچە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمىدى ۋە پارتىيە رەھبىرى توختى قۇربان 1969-يىلى قولغا ئېلىنىپ قەتلى قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى قىلمىشلىرىنى گەرچە «مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، دەپ جار سالغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە سىياسىي بېسىم 1990-يىللىرىدىن باشلاپ بۇ رايوننىڭ ئىگىلىرى

13. Emet Erkin, “Çin’in çift dilli eğitim adı altında Uygur Türkçesini yok etme politikası”, *Kök Sosyal ve Stratejik Araştırmalar Vakfı,* 2008 <http://www.koksav.org.tr/ebulten/ocak2008/080129_kok-eb_hk-eemet.pdf>.
14. Xiaoxia Li, “Xinjiang’daki camilerin sayısı ve yönetim politikası (新疆清真寺的数量变化及管理政策分析)”, *Dipartment of Sociology of China,* 2017, 40.

بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن كۆچمەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا بىرقاتار مىللىي توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەزگىلدە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۈرۈشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ كۆپلىگەن سابىق كوممۇنىست دۆلەتلەردە دېموكراتىيەگە بولغان تەلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، ئەمما خىتايدا كۆتۈرۈلگەن بۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپلەر ھاكىمىيەتنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي ھوقۇق ۋە دىنىي ئىبادەتكە قويۇلغان چەكلىمىلەر يەنە كۈچەيتىلدى. بۇ جەرياندا، 1996-يىلى خىتاي باشچىلىقىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستان (ئوتتۇرا ئاسىيا) رايونىدىكى تەرەققىياتلاردىن تۇغۇلغان ئەندىشەلەر سەۋەبلىك قۇرۇلغان ھەمكارلىق گەۋدىسى ئىدى. مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇ تاكتىكا، «رادىكال ئېقىمغا قارشى تۇرۇش» نامىدا رايون خاراكتېرلىك ئويغىنىشقا قارشى دەسلەپكى تىزگىنلەش تاكتىكىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە 1990-يىلدىن 2000-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتاي دۆلەت تېرورىزمىنىڭ كۈنسىرى كۆپىيىشى تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستاننى قاپلىغان ۋەھىمە ئېششىقا باشلىدى. مەسىلەن: 1997-يىلى غۇلجىدا دىنىي ئىبادەتلەرگە قويۇلغان چەكلىمىلەرنىڭ ۋە تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن تىنچ نامايىش شىددەت بىلەن باستۇرۇلۇپ، نۇرغۇن شەرقىي تۈركىستانلىق بۇ جەرياندا شېھىت قىلىندى.




رەسىم 2: خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلامغا تۇتقان پوزىتسىيىسى. تامغا يېزىلغان خەت: تارقاق ھەج - قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

ختاي شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى «دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت» دەپ قارىدى ۋە مۇسۇلمانلارنى يىللاردىن بېرى دىنىي ئىبادەت ۋە دىنىي نەشر بويۇملىرىنى باھانە قىلىپ تۈرمىلەرگە سولاپ كەلدى. 1990-يىلى 6-ئاي ۋە 8-ئايلاردا، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قەشقەردە مەسچىت ۋە دىنىي تەلىم-تەربىيە ئورۇنلىرىنىڭ تاقىلىشىغا قارشى تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋاراقچىسى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىندى. ئابدۇمالىك ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 1990-يىلى 10-ئاۋغۇست كۈنى پەقەت تەشۋىقات ۋارىقى تارقاتقانلىقى ئۈچۈنلا قولغا ئېلىنغان ۋە «ئەكسىل ئىنقىلاپچى» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ 5 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.[15] ختاينىڭ دىنىي ئىبادەتلەرنى چەكلىشىگە قارىماستىن، 2000-يىللاردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ياشلاردىكى ئىبادەت قىلىش ۋە دىننى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۈچەيدى. ختاينى تولىمۇ بىئارام قىلغان بۇ ئۆزگىرىش، 2009-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن نامايىشنى پۇرسەت بىلىپ ياشلارنى قاتتىق قىرغىن قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.




رەسىم 3: دىنسىزلىق تەشۋىقاتى ۋە دىننى ھاقارەتلەش: ئوقۇسىڭىز نامازنى بەش ۋاق كۈندە، خۇدا بەرمەس سىزگە گۆش گىردە

15. Ahmet Türkoz, “Doğu Türkistan’da insan hakları” (İstanbul Üniversitesi, 1998) <http://nek.istanbul.edu.tr:4444/ekos/TEZ/32417.pdf>.

## 1.4 خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى

خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئەڭ كۆپ نارازى قىلغان سىياسەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1971-يىلدىن بۇيان خىتاي مىقياسىدا يولغا قويۇلغان بۇ سىياسەت، 1986-يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي بىر شەكىلدە ئىنتايىن قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ سىياسەت 1982-يىلى خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇن دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، نوپۇس تىزگىنلەش ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى رامكىسىدا يۈرگۈزۈلمەكتە. خىتتايغا نىسبەتەن بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسنى پىلانلىق ھالدا ئازايتىش بولۇپ، بۇنى كىچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ تۇغۇش، ئاز تۇغۇش ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش نامىدا پەردازلاپ تەشۋىق قىلماقتا.[16] گەرچە بۇ سىياسەت پۈتۈن خىتايدا يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەقسىدى تولىمۇ پەرقلىق ۋە قەبىھ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىبتىنىك تۈرك قەۋملىرىنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىش ئارقىلىق خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس نىسپىتىنى كۆپەيتىش ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئۆز ۋەتىنىدە ئاز سانلىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇش ۋە نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى 1990-يىلدىن كېيىن تۆۋەنلەشكە باشلىغان.[17] پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى 1986-يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى ۋە تۇغۇت چەكلەش ئۆزۈكى سالدۇرۇش، بالىياتقۇنى بوغدۇرۇپ تۇغماس قىلىش ۋە بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا مەجبۇرلاش قاتارلىق قاتتىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى بىلەن مەجبۇرى ئىجرا قىلىندى ۋە ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ قانۇن شەرقىي تۈركىستاندا، بولۇپمۇ 1990-يىلدىن كېيىن ناھايىتى قاتتىق تەتبىقلاندى. ئاتالمىش «شىنجاڭ ھۆكۈمىتى»نىڭ 1992-يىلى 12-سېنتەبىر ئېلان قىلغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 1991-يىلى پەقەتلا خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيەسىدە 18700 ئۇيغۇر ئايال ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تۇغماس قىلىۋېتىلگەن. قىسىرلاشتۇرۇش يەنى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش پەقەت ئاياللارغىلا ئەمەس بەلكى ئەرلەرگىمۇ مەجبۇرى تەتبىقلاندى.[18] خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان پىلانلىق تۇغۇت سىياستى سەۋەبىدىن مىليونلىغان بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىندى. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1990-يىلدىن 1991-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، پەقەتلا خوتەن ۋىلايىتىدىن 7100 ھامىلدار ئايالنىڭ بالىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەن.[19]

# 2. ئۈرۈمچىدە نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟

## 2.1 ئۈرۈمچى نامايىشىنىڭ ئوت پىلتىسى – شاۋگۇەن قەتلىئامى

2009-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى، 819 كىشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتى توققۇزاق (كونا شەھەر) ناھىيەسىدىن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن شەھرىدىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىغا ئىشلەشكە ئېلىپ كېتىلگەن.[20] ئۇيغۇر ئىشچىلار زاۋۇتقا كېلىپ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن، يەنى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى يېرىم كېچىدە ، زاۋۇتتىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئىشچى تەشكىللىك ھالدا پىچاق، پالتا، تۆمۈر ۋە توقماقلار بىلەن ئۇيغۇرلار تۇرغان ياتاققا بېسىپ كىرگەن.[21] 26-ئىيۇن كەچتىن باشلاپ 27-ئىيۇن سەھەر سائەت 04:00 كىچە داۋاملاشقان بۇ ھۇجۇمدا، خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، 120 كىشى يارىلانغان، 2 كىشى ئۆلگەن.[22] ئۆلگەنلەرنىڭ ئىسمى ھاشىمجان ئەمەت ۋە سادىقجان غازى. يارىلانغانلاردىن 81 نەپىرى ئۇيغۇر. گۇۋاھچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە،

16. Baidu Baike, “Aile Planlama Politikası (计划生育 <基本国策>)”, *BaiduBaike (*百度百科*)*, 2021 <https://baike.baidu.com/item/计划生育/608369?fr=aladdin>.
17. Xiaoxia Li, “Xinjiang’daki nüfus değişiklikleri analiz raporu(新疆地区人口变动情况分析报告)”, *Çin Kaşgar Net (*中国喀什网*)*, 2021 <http://m.zgkashi.com/c/2021-01-07/510339.shtml>.
18. Ahmet Türköz, “Doğu Türkistan’da insan hakları” (İstanbul Üniversitesi, 1998) <http://nek.istanbul.edu.tr:4444/ekos/TEZ/32417.pdf>.
19. Türköz, a.g.e., 1998.
20. Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti, “Guangdong eyaletinin Shaoguan’deki bir oyuncak fabrikasında çıkan grup kavgasında iki kişi öldü.(广东韶关一玩具厂发生群体斗殴事件 已有2人死亡)”, 中央政府门户网 *www.gov.cn,* 2009 <http://www.gov.cn/jrzg/2009-06/28/content_1352112.htm>
21. Cuma, “Shaoguan katliamında saldırıya uğrayan Uygur işçilerle ilk görüşme شاۋگۇەن قانلىق ۋەقەسىدە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن تۇنجى سۆھبەت”, 2009 <https://www.rfa.org/uyghur/programmilar/insan_heqliri/guangdong-qanliq-weqesi-07022009201547.html>
22. Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti, “Guangdong eyaletinin Shaoguan’deki bir oyuncak fabrikasında çıkan grup kavgasında iki kişi öldü.(广东韶关一玩具厂发生群体斗殴事件 已有2人死亡)”.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۇجۇمدا ئۆلتۈرۈلگەن 20 كىشىنىڭ 10 ى ئاياللار ئىكەن. يەنە گۇۋاھچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، گەرچە ھۇجۇمنىڭ بېشىدا نەق مەيداندا 20 ئەتراپىدا ساقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار توسۇشقا ئۇرۇنمىغان.[23] شاۋگۇەندىكى يەرلىك خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جۇ فامىلىلىك بىر خىتاينىڭ توردا تارقاتقان «ئالتە ئۇيغۇر ئىككى خىتاي ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلدى» دىگەن ساختا خەۋەرنىڭ بۇ ۋەقەگە سەۋەپ بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.[24] 6-ئاينىڭ 28-كۈنى، ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك 13 كىشى قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچى ئۇيغۇر ئىدى.[25] 2009-يىلى 10-ئۆكتەبىر، شاۋگۇەن تەپتىش مەھكىمىسى ئۈچ ئۇيغۇر ۋە تۆت خىتاي ئۈستىدىن ئەرز سۇنغان بولۇپ، بىر خىتاي ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، بىرى يەتتە يىللىق، قالغان ئىككىسى ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.[26] ئۇيغۇرلاردىن يارمەمەت ئىسمايىل ۋە ئوسمانجان ئوبۇل ئالتە يىللىق، يۈسۈپجان تۇردى بولسا بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ نارازىلىق ئەرزى 2010-يىلى 28-ئۆكتەبىر كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سوت تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بولۇپ،ئەسلىدىكى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە دەپ قارار قىلىنغان.[27]

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىق ياش ئابدۇراھمان ساتۇق، ئۆزىنىڭ شاۋگۇەن ۋەقەسى توغرىسىدا بىلىدىغان مەلۇماتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىدى:



خەرىتە 1 : ئۈرۈمچى ۋە شاۋگۇەننىڭ خەرىتىدىكى ئورنى

«2009-يىلى مەن 21 ياشتا ئىدىم، ئۈرۈمچىدە ئاياغ دۇكىنى ئاچاتتىم. مەن 2009-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن شەھرىدە ئىشلەش ئۈچۈن مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن كېچىچە ئۇرۇلۇپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئارقىدىنلا ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك سىن كۆرۈنۈشلىرىنى Youku (优 酷)، QQ، سەلكىن ۋە دىيارىم قاتارلىق تور بەتلەردىن كۆردۈم. ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتە بىر بايانات بېرىشىنى ساقلىدۇق، ئەمما «ھۆكۈمەت» تەرەپتىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك سادا چىقمىدى. شاۋگۇەندە خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق سىن كۆرۈنۈشلىرى توردا كەڭ تارقالغاندىن كېيىن ھېچكىم سۈكۈت قىلالمىدى. ئۆلتۈرۈلگەن بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىش، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ۋەقە ھەققىدە چۈشەنچە بەرگۈزۈش ۋە ۋەقەگە چېتىشلىق جاۋاپكار خىتايلارنى جازالاتقۇزۇش ئۈچۈن بىر نامايىش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى QQ ۋە باشقا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن خەۋەر تاپتىم ۋە 5-ئىيۇل كۈنى مەنمۇ نامايىشقا قاتناشتىم.»

23. Cuma. “Shaoguan katliamında saldırıya uğrayan Uygur işçilerle ilk görüşmeشاۋگۇەن قانلىق ۋەقەسىدە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن تۇنجى سۆھبەت“, 2009
24. World Uyghur Congress, *5 Temmuz Urumçi katliamı: 60 yıllık Çin zulmünün doruk noktası* (7.5 ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى: 60 يىللىق خىتاي زۇلۇمىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ), 2010 <https://www.uyghurcongress.org/uy/wp-content/uploads/Ürümchi-qirghin-chiliqi-60-yilliq-xitay-zulumining-yuqiri-pelliri.pdf>
25. Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti, “Guangdong Kamu Güvenliği Departmanı Xiaoguan’deki toplu çatışma olayında 13 şüpheliyi gözaltına aldı (粤公安部门刑拘13名韶关集体斗殴事件犯罪嫌疑人)”, 中央政府门户网 *www.gov.cn*, 2009 <http://www.gov.cn/jrzg/2009-07/07/content_1359025.htm>.
26. Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti, “Shaoguan’deki 6.26 olayına katılan iki mahkumun ceza hükmü ilk etapta kamuoyu-na açıklandı (韶关”6·26”事件涉及的两起犯罪案件一审公开宣判)”, 中央门户网 *www.gov.cn*, 2009 <http://www.gov.cn/jrzg/2009-10/10/content_1435236.htm>.
27. World Uyghur Congress.

شاۋگۇەن شەھرىدىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىغا مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ 26-ئىيۇن خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خەۋىرى ياشلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ۋەقەنىڭ سىن كۆرۈنۈشلىرى QQ دا كەڭرى تارقالغان بولسىمۇ، 5-ئىيۇلغىچە «خىتاي ھۆكۈمىتى» ھېچقانداق رەسمىي بايانات ئېلان قىلمىدى. «ئانا تىلىم»، «دىيارىم» ۋە «سەلكىن» قاتارلىق ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەردە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بايانات بەرمەسلىكى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سەۋەبى توغرىسىدا جىددىي مۇنازىرىلەر بولدى ۋە 7-ئاينىڭ 5-كۈنى، خىتايلارنى بايانات ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىغا يىغىلىپ نامايىش ئۆتكۈزۈش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان، 2009-يىلدىكى ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ شاھىتلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇراھمان ئابدۇخېلىل 5-ئىيۇل قەتلىئامىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كەيپىياتىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «مەن 26-ئىيۇن شاۋگۇەندىكى زاۋۇتتا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۇرغان ۋە ئۇستىگە سىيگەن سىنلارنى كۆردۈم ۋە دوستلىرىمدىن 15 كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. 5-ئىيۇل كۈنى نۇرغۇن تورداشلار «شەبنەم»، «دىيارىم»، «سەلكىن» ۋە «ئىنتىزار» قاتارلىق تور مۇنبەرلىرىدە باش سۈرەتلىرىگە قارا رەڭدە «مەن ماتەمدە» دەپ يېزىۋالدى ۋە ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ھېس قىلىدىغان بارلىق كىشىلەر 5-ئىيۇل كۈنى سائەت 17:00 دە خەلق مەيدانىغا يىغىلىش كېرەك دەپ ئېلان قىلدى.»



رەسىم 4: 6-ئاينىڭ 26-كۈنى ، شاۋگۇەندىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا خىتاي ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان قەتلىئام مەيدانى كۆرۈنۈشلىرى

www.uyghurkitap.com

## 2.2 قەتلىئام قانداق باشلاندى ۋە 5-ئىيۇل كۈنى نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟

ئابدۇراھمان ساتۇق 2009-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قەتلىئامغا شاھىت بولغانلاردىن پەقەتلا بىرى. ئۈرۈمچى مىللەتلەر كوچىسىدا ئاياغ دۇكىنى ئاچقان ئابدۇراھمان شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى (ETHR)نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى: «نامايىش ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدىن باشلاندى، قولىدا خىتاي بايرىقى كۆتۈرىۋالغان نامايىشچىلار جەنۇبى قوۋۇقتىكى خانتەڭرى مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەن دوستۇم بىلەن نامايىشچىلارغا قوشۇلدۇق.» ئابدۇراھماننىڭ ئېيتىشىچە، نامايىشچىلار كوچىلاردا «بىزگە ئادالەت كېرەك!» دەپ شۇئار توۋلاپ ماڭغان ۋە خىتاي يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قارشى تەرەپتىن كەلگەن خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان. ساقچىلار نامايىشچىلارنىڭ تارقىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، بىر ياش قىز: «**ياق، بىز تارقالمايمىز. ئۇيغۇرلىرىمىز ئۆلتۈرۈلدى، بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىنسۇن! بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەن خەنزۇلار جازالانسۇن! قانۇنىي جاۋاپكارلىققا تارتىلىپ تېگىشلىك جازا بېرىلسۇن!**» دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەن. ئەمما بۇ قىز ساقچىلاردىن ئېغىر تاياق يېگەن. بۇ سەۋەپتىن غەزەپلەنگەن ئامما ساقچى تەرەپكە قاراپ ئاققان. لېكىن مال بازىرى كوچىسىنىڭ ئېغىزىدىكى بارچۇق ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يوللار ساقچىلار تەرىپىدىن توسىۋېتىلگەن. خىتاي ساقچىلىرى رابىيە قادىر سودا سارىيى ۋە سۈبھى سودا سارىيىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. نامايىشچىلار ئىلگىرىلىگەنسىرى ساقچىلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. سائەت 16:30 ئەتراپىدا كىشىلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن. ناماز ئوقۇش ۋە دۇكىنىنى تاقاش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن ئابدۇراھمان ساتۇقنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىشىنى تۈگىتىپ يەنە سىرتقا چىققىنىدا، قاتناش توختىتىۋېتىلگەن، ساقچىلار سۈبھى سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلارنى تۇتۇشقا باشلىغان. بۇ ئىشتىن كېيىن ھەممەيلەن تارقىلىشقا باشلىغان، ئەھۋالنى كۆرگەن ئابدۇراھمان ساتۇق دۇكىنىغا قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ دۇكىنىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالغان.




رەسىم 5: قەتلىئامدىن كېيىن كوچىلارغا چىققان ئۇيغۇرلار



رەسىم 6:  قەتلىئامدا يولدىشى ياكى قېرىنداشلىرى غايىب بولغان ياكى زۇلۇمغا چىدىمىغان ئاياللارنىڭ نامايىش كۆرۈنۈشلىرى



رەسىم 7: كوچىلاردا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر ياش

ئابدۇللاھ يۇنۇسنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى(ETHR) گە تەمىنلىگەن ئۇچۇرىغا قارىغاندا، 7-ئاينىڭ 5-كۈنى، سائەت 12:00 ـ 13:00 ئەتراپىدا، كىشىلەر ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىغا توپلىنىشقا باشلىغان. خىزمەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن نامايىشقا قاتنىشالمىغان ئابدۇللاھ يۇنۇس، سائەت 17:00 ئەتراپىدا ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن دۆڭكۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ نامايىشچىلارنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ساقچىلار كۈندۈزى قورال ئىشلەتمىگەن ، ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈپ كەچ سائەت 19:00 بولغاندىن كېيىن كوچىدىكى كىشىلەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىغان. ئۇ كېچە ئابدۇللاھ يۇنۇسنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئىككى شەخسىي دوختۇرخانىغا نۇرغۇن ئۆلگەن ۋە يارىلانغان ئۇيغۇرلار ئېلىپ كېلىنگەن. ئۈرۈمچىدە سىرتقا چىقىش چەكلىمىسى ۋە جىددىي ھالەت ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





رەسىم 8: خىتاي ساقچىلىرىنىڭ باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ھوشىدىن كەتكەن ئۇيغۇر

5-ئىيۇل قەتلىئامىنىڭ يەنە بىر شاھىدى ئابدۇراھمان ئابدۇخېلىلنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى (ETHR) گە ئېيتقان گۇۋاھلىق سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا ، نامايىش بولغان كۈنى كېچىسى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئېغىر تىپتىكى تانكا ۋە برونىۋىكلار چارلاپ يۈرگەن. ئابدۇراخمانىنىڭ دېيىشىچە: «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نامايىشتىن باشتىلا خەۋىرى بار بولۇپ، قاتتىق باستۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتكەن ۋە ئۈرۈمچى ئات بەيگە مەيدانىدا قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارغان».

ئات بەيگە مەيدانى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. نامايىشقا قاتناشقانلارنىڭ بىرىمىدىن جىقراقى مۇشۇ يەردە، قالغان يېرىمى بولسا خەلق مەيدانىدا ئىدى. مەنمۇ ئات بەيگە مەيدانىدا ئىدىم. ناماز شام ۋاقتى بىلەن ئات بەيگە مەيدانىنىڭ قېشىدىكى ھەربىي گازارمىدىن 200دىن كۆپ ئەسكەر چۇقان سالغانچە يېتىپ كەلدى. بىز قورقماي جايىمىزدا تۇردۇق. ئەسكەرلەرنىڭ باشتىكى ئۈچ سېپىگە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر، كېيىنكى سەپلەرگە خىتاي ئەسكەرلەر تىزىلغان ئىدى. دەسلەپتە ئاسمانغا ئوق ئېتىپ بىزنىڭ تارقىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى، بىزمۇ تارقىلىپ كەتتۇق. سائەت 19:00دا ئەسكەرلەر ئۆيمۇ-ئۆي تەكشۈرۈشكە ۋە بەدىنىدە ئازراقلا يارىسى بولغان كىشىلەرنى تۇتۇپ كېتىشكە باشلىدى. ئۇ يەردە قۇشخانا بار بولۇپ، قۇشخانىدا ئىشلەيدىغان ۋە كىيىملىرىگە ئازراق قان يۇقۇپ قالغان كىشىلەرمۇ تۇتۇپ كېتىلدى. مەھەللىدىن 200دىن ئارتۇق كىشىنى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئالدىغا يىغىپ، ئىچ كىيىمگىچە سالغۇزۇپ 3 دانە 70-يول ئاپتۇبۇسىغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى.




خەرىتە 2: ئۈرۈمچىدە نامايىش بولغان ئورۇنلارنى كۆرسەتكەن خەرىتە

ۋەقەنىڭ شاھىدى ئەنۋەر مەمەت، ETHR بىلەن ئېلىپ بارغان زىيارەت سۆھبىتىدە، 5-ئىيۇل كۈنى كىشىلەر پەقەتلا 26-ئىيۇن شاۋگۇەندە يۈز بەرگەن قەتلىئام توغرىسىدا خىتاي دائىرىلىرىدىن چۈشەنچە بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن نامايىش قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئەنۋەرنىڭ ئېيتىشىچە، 4-ئىيۇل كۈنى ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتىنىڭ مۇخبىرى غەيرەت ئوسمان مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ بۇ ۋەقە ھەققىدە باياناتت ئېلان قىلىشى ئۈچۈن بىر يازما يازغان بولسىمۇ، خىتاي دائىرىلىرى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن. 5-ئىيۇل قەتلىئامىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلىكلەر ھەققىدە غەيرەت ئوسمان خوڭكوڭ «داجوگباۋ» گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەنۋەر مەمەت شاھىت بولغان بىر باشقا ۋەقە بولسا 5-ئىيۇل كۈنى ئانىسى ئۇيغۇر، دادىسى پاكىستانلىق 17 ياشلىق بىر بالا پەقەتلا بىرىنىڭ خىتاي قورالىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنى سىنغا ئالغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان بۇ بالا تۈرمىدە ئۆلتۈرىۋېتىلگەن بولۇپ، دادىسى ئەرز قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىن پاكىستانغا قايتىپ پاكىستاندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا كۈنلەرچە نامايىش قىلغان.




رەسىم 9: ئوغلىنى ئىزدەپ كوچىغا چىققان ۋە يالغۇز قارشى تۇرغان ئۇيغۇر ئانا

5-ئىيۇل كۈنى سائەت 17:30دىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا پۈتۈن ئىنتېرنېت ۋە تېلېفون سىگناللىرى كېسىۋېتىلگەن. ئاخشام سائەتلىرىدىن باشلاپ ساقچىلار دەسلەپتە گاز بومبىسى ئاتقان، كېيىن رەسمىي ئوق ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئابدۇراھمان ئابدۇخېلىلنىڭ بىلدۈرىشىچە، 6-ئىيۇل كۈنى سەھەر ئۇنىڭ ئات بەيگە مەيدانىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئايال قوشنىسى يىغلاپ تۇرۇپ، 5 ئوغلىنىڭ خىتاي ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، پەقەتلا بۇلاق بېشىدىن ئاق مەسجىت ۋە دۆڭكۆۋرۈككىچە بولغان قىسقىغىنە ئارىلىقتا 200دىن كۆپ ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، بۇلارنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ ياش ئوغۇللار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رەسىم 10: يوقاپ كەتكەن يېقىنلىرىنى ئىزدەپ نامايىشقا چىققان ئۇيغۇرلار

## 2.3 7-ئىيۇل: خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۇۋلاش كۈنى

گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 5-ئىيۇل كۈنى كېچىسى كوچا چىراقلىرى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، كېچىچە ئوق ئاۋازلىرى ئۈزۈلمىگەن. ئەتىسى سەھەر قانلىق كوچىلار سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇلۇپ، جىنايەت ئىزلىرى يوق قىلىنغان. شۇ كۈندىن باشلاپ، ساقچىلار كۆرگەنلىكى ئۇيغۇرنى، بولۇپمۇ ئاق مەسچىت ۋە چوڭ بازار قاتارلىق ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تۇتقۇن قىلىشنى باشلىغان. بۇرۇن كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن يول يۈرۈشمۇ تەس بولغان كوچىلاردا ئادەمزات قالمىغان. ھەتتا خىتاي دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى بولسىمۇ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشى تۇتقۇن قىلىنغان.

بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە پاناھلانغان ئابدۇراھمان ئابدۇخېلىل، كېچە ۋاقتى خىتاي ساقچىلارنىڭ ئۆيگە كېلىپ خىتايلارنىڭ كالتەك ۋە تىغلىق ئەسۋاپلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن كوچىلارغا چىققانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى كېرەكلىكىنى،قورونىڭ كىرىشىدە نۆۋەت تۇتۇشنى ۋە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغان خىتايلارنى توسۇپ قېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەرلىرى سىرتقا چىقىپ قورونىڭ كىرىشىدە نۆۋەت تۇتۇشقا باشلىغان.

ئابدۇللاھ يۇنۇسنىڭ ETHR غا ئېيتىشىچە، 7-ئىيۇل كۈنى كۆچمەن خىتايلار ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. خىتايلارنىڭ مەھەللىسىگە يېقىن جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانا، ناۋايخانا ۋە باشقا دۇكانلىرى چېقىۋېتىلگەن ۋە ئىگىلىرى ئۆلتۈرىۋېتىلگەن. ئابدۇللاھ يۇنۇس رادىيودىن ئۈرۈمچى خ ك پ سېكرېتارى لىجى ئىسىملىك خىتاينىڭ خەلق مەيدانىدا خىتايلارغا قىلغان نۇتۇقىدا، كۆچمەن خىتايلارنى قوغدايدىغانلىقىنى، بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان. بۇنىڭدىن جاسارەتلەنگەن خىتايلار 9-ئىيۇلغا قەدەر ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈشكە داۋام قىلغان.


رەسىم 11: ئەينى ۋاقىتتىكى خ ك پ نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باش سېكرېتارى

شاھىت ئەنۋەر مەمەت 6-ئىيۇل ئايالىنى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىغا ئاپارغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت ئەتراپىنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىمجىت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. ئەنۋەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خ ك پ نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن رادىيو ۋە تېلېۋىزورلاردا ئۇيغۇرلارغا رەھىم قىلماسلىق توغرىسىدا يولىيورۇق چۈشۈرگەن. نەتىجىدە ، 7-ئىيۇل خىتايلار كوچىلارغا چىقىشقا باشلىغان. ئەنۋەر تۇرۇشلۇق كۆنچى مەھەللىسىگە تەخمىنەن 100 خىتاينىڭ باستۇرۇپ كەلگەن، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىشىك ئالدىدا، ئەرلەر بولسا مەھەللە ئىچىدە كوچىلاردا نۆۋەتتە تۇرغان. ئەنۋەر يەنە، مەھەللىگە باستۇرۇپ كەلگەن خىتايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچىنىڭ ئوخشاش پاسۇندا قىسقا ياسالغانلىقىنى ۋە بۇيرۇق ئىشارەتلىرىگە قارىتا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ كىشىلەرنىڭ نورمال پۇقرا ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ نورمال پۇقرا بولماستىن ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەنۋەر مەمەتنىڭ ETHR غا بىلدۈرۈشىچە، 7-ئىيۇلدىن باشلاپ خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بىزنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن ئەنۋەر مەمەت، مەھەللىسىدىكى بىر باققالنىڭ 7-ئىيۇل سەھەر، ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ھالدا مېۋە-چېۋە توپ بازىرىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىنى ۋە يولدا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بىر مەسجىتكە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى، بىر مەزگىلدىن كېيىن مەسچىتكە يوشۇرۇنۇۋالغانلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىللە چىقىپ ئۆيگە قاراپ ماڭغانلىقىنى، ئەپسۇسلىنارلىقى مەھەللىگە ئاز قالغاندا خىتايلارغا ئۇچراپ قېلىپ خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئىلاۋە قىلدى. ئەنۋەر مەمەت يەنە خىتايلارنىڭ بىر ئۇيغۇر ساقچىنى كۆرسىتىپ خىتاي ساقچىلاردىن ئۇنىڭ ساقچى فورمىسىنى سالدۇرىۋېتىشىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى بارلىقىنى ئېيتقانلىقىغا شاھىت بولغان. ئەنۋەر يەنە، 7-ئىيۇل مىللەتلەر كوچىسىدا بىر تىجارەتچىنىڭ نەۋرىسىنىڭ، باستۇرۇپ كەلگەن خىتايلارغا قارشى چىققىنىدا خىتاي ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە 8-ئىيۇل كۈنى 60-50 مىڭ خىتاينىڭ خانتەڭرى مەسجىتىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.




رەسىم 12: ئۈرغۈنلىغان خىتايلارنىڭ بىر ئۇيغۇر ياشنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندىكى كۆرۈنۈش، 2009-يىلى 7-ئىيۇل.




رەسىم 13: 7-ئىيۇل كۈنى ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كوچىلارغا چىققان ئىرقچى كۆچمەن خىتايلار.

7-ئىيۇل كۈنى قوللىرىغا پىچاق، توقماق ۋە خىش قاتارلىق جىنايەت قوراللىرىنى ئالغان ئاقئۇن ئىرقچى خىتايلار، ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى بىلەن بويىدى. بۇ پەيىتلەردە خىتاي ساقچىلىرى كۆزگە چېلىقمىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل سۆيگەن ناخشىچىسى مىرزات ئالىم، ماشىنىسىدا خىتايلار تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى.[28]

ئابدۇراھمان ساتۇق، قەتلىئام جەريانىدا «ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز 10 مىڭ، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى بولسا ئۆلگەنلەردىن تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكى» خەۋىرىنىڭ ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مۇستەقىل تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ قەتلىئامنى تەكشۈرۈش تەلپى خىتايلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان ۋە چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، 5-ئىيۇلدىكى قىرغىنچىلىقتىن 2010-يىلىنىڭ بېشىغىچە داۋاملاشقان تۇتقۇن قىلىش جەريانىدا قانچىلىك كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە قانچىلىك كىشىنىڭ غايىب بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار پەقەتلا خىتاي ئارخىپلىرىدا تېپىلىدۇ. ئەمما ئۈرۈمچى قەتلىئامى جەريانىدا يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلاردىن ھازىرغىچە ھېچبىر ئىز-دېرەك يوقتۇر.

گۇۋاھچى ئابدۇراھمان ساتۇق، بۇلاق بېشىدا ئولتۇرىدىغان دوستىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى ئېيتتى. خىتاي ھاكىمىيىتى ۋەقەدە زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارغا تۆلەم بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئابدۇراھماننىڭ دوستى تۆلەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن بارغىنىدا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە ئائىلىسىدىكىلەر زور سوممىلىق پارا بېرىش ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇپ چىققان.



رەسىم 14: كۆچمەن خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى مىرزات ئالىم

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى (ETHR) بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، شاھىتلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەردىن شۇنى جەزملەشتۈردۇقكى، 5-ئىيۇل ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش ھېچقانداق گۇرۇپپا ياكى شەخس تەرىپىدىن پىلانلانمىغان. نامايىشنىڭ 26-ئىيۇن كۈنى شاۋگۇەن ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا خىتايلار تەرىپىدىن ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقلىرىنى قوغداش، ئادالەت تەلەپ قىلىشتىن باشقا مەقسىتى يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇمۇ روشەن رېئاللىقكى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئىستىخبارات ۋە خەۋپسىزلىك تارماقلىرى نامايىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈچىگە تامامەن ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، ۋەقەنىڭ چوڭىيىشىغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن، ھەتتا قۇتراتقۇلۇق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ياشلىرىغا قارىتا بىر قېتىملىق سىستېمىلىق تازىلاش ئوپېراتسىيەسى ئېلىپ بارغان. ھەتتاكى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ 7-ئىيۇل كۈنى پىلانلىق ھالدا خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ۋە جەريانغا كۆز يۇمغان.

## 2.4 خىتاينىڭ قەتلىئامدىن كېيىنكى سىياستى

خىتاي دائىرىلىرى 5-ئىيۇلنى ناھايىتى چوڭ «تېرورلۇق ۋەقەسى» دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى ۋە نامايىشنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پىلانلانغانلىقىنى توقۇپ چىقتى. خىتاي تاراتقۇلىرىدا 5-ئىيۇل نامايىشىنىڭ چەتئەلدىكى بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پىلانلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كەڭ تارقاتتى. نامايىشقا قاتناشقۇچىلار «تېرورچى ۋە خىتاي دۆلىتىگە قارشى چىققان مىللىي بۆلگۈنچى» دەپ تەشۋىق قىلىندى. بەدىنىدىن ئازراقلا يارا بايقالغان ھەرقانداق كىشى نامايىشقا قاتناشقان دېگەن گۇمان بىلەن، 20-25 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە بولسا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى.

28. Mihriban, “Uygur şarkıcı Mirzat Alim gizli bir şekilde öldürüldü (ئۇيغۇر ناخشىچىسى مىرزات ئالىم سىرلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى)”, *Radio Free Asia*, 2009 <https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/mirzat-alim-olumi-08242009194813.html>



رەسىم 15: 5-ئىيۇل نامايىشىغا قاتناشقان دەپ قارىلىپ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئۇيغۇر ياشلار.

ئابدۇراھمان ساتۇقنىڭ ETHR غا ئېيتىشىچە، 5-ئىيۇل كۈنى بېخەتەرلىك كامىرالىرىغا چۈشۈپ قالغان بارلىق ئۇيغۇرلار قولغا ئېلىنغان ۋە 15-18 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئابدۇراھمان ساتۇقنىڭ دۇكىنىنىڭ قېشىدا تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان بىر ياش گەرچە ۋەقە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، پەقەتلا كامىراغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ 18 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئابدۇراھمان ئابدۇخېلىل قەتلىئام يۈز بېرىپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن دوستىنى يوقلاپ تۈرمىگە بارغىنىدا، دوستىنىڭ ئاللىبۇرۇن سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا شاھىت بولغان.

شاھىت ئابدۇللاھ يۇنۇس ETHR غا 5-ئىيۇل قەتلىئامىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا ھەددىدىن زىيادە باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلغانلىقىنى، ئىككى خىزمەتدىشىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەتلىئامدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان مەھەللىلەرنىڭ كىرىش-چىقىش نۇقتىلىرى خىتاي قوراللىق ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇۋېتىلگەن ۋە 10كۈنگىچە سىرتقا چىقىش چەكلەنگەن.

شاھىت ئەنۋەر مەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، 5-ئىيۇل قەتلىئامىغا «چېتىشلىق» دەپ قارالغانلارنى ئىشقا ئېلىش چەكلەنگەن، نامايىشقا قاتناشقانلارلا ئەمەس، نامايىشقا قاتناشتى دەپ قارالغانلارنىڭ دوستلىرىمۇ چەتكە قېقىلىشتىن قۇتۇلالمىغان.

www.uyghurkitap.com




رەسىم 16: ئۇيغۇر ياشلىرى 5-ئىيۇلدىكى نامايىشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى

7-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن كېيىن، خىتاي ئەسكەر ۋە ساقچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق شەھەرلىرىدە نەچچە ئاي كۈچ كۆرسىتىش ئېلىپ باردى ۋە ھەرتۈرلۈك تاراتقۇ ۋاستىلىرىدا خىتاي دۆلەتكە قارشى چىققانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ناچار بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت نۇتۇقلىرى كەڭ تارقىتىلدى.



رەسىم 17: كۈچ كۆرسىتىپ ۋارقىراۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرى

2009-يىلى سىنتەبىردە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ساتۇق، ئۈرۈمچى كوچىلىرىنىڭ قوپ-قۇرۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۈرۈمچىدە قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى ئېلىشى شەرت قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ۋەقەدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە كىملىك تەكشۈرۈش پونكىتلىرى كۆپەيتىلگەن ۋە بىرونىۋىك ۋە ساقچى ماشىنىلىرى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كېزىپ يۈرگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، ئاققۇن خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ئىنتايىن ناچارلىشىپ كەتكەن.




رەسىم 18: شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا يەرلىرىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ياشلار كىملىك تەكشۈرۈش جەريانى تۈگەپ بولغۇچە مۇشۇ هالەتتە ساقلىتىلماقتا، 2009-يىلى 7-ئاي.

5-ئىيۇلدىن كېيىن، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى ئۇيغۇرلارنى قارالايدىغان تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەملىك قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى . پۈتۈن خىتايدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ پائالىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ «تېرورىست ۋە قاتىل» ئىكەنلىكى ئۇچۇقتىن ئۇچۇق تەشۋىق قىلىندى. بۇ پائالىيەتلەر تۈپەيلى، ئۇيغۇرلار بارغانلا يېرىدە ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. خىتاينىڭ رەسمىي تېلېۋىزور قاناللىرى پەقەت 5-ئىيۇل كۈنى ساقچىلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە يارىلانغان خىتايلارنىڭلا كۆرۈنۈشىنى قايتا-قايتا بەردى. ETHRنىڭ باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسارنىڭ بىلدۈرۈشىچە 2009-يىلى يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتماي ئوقۇش خىراجىتىنى چىقىرىش ئۈچۈن بېيجىڭدىكى بىر كارىرېفوردا ئىشلەۋاتقان مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2006-يىللىق ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكولتېتى ئوقۇغۇچىسى نىزامىدىن ئەركىن خىزمەت جەريانىدا بىر ئېرقچى خىتاي تەرىپىدىن ئۇيغۇرلار تېرورىست دەپ ۋارقىرىغان هالدا يۈز قىسمى چانىۋېتىلگەن، نىزامىدىننى چانىغان خىتاي هېچبىر جىنايى جازاغا تارتىلمىغان ۋە ئاز مىقداردا تۆلەم بېرىپلا قۇتۇلغان، مەكتەپ دائىرىلىرى نىزامىدىننى ئەرز قىلماسلىققا زورلاپ بېسىم چۈشۈرگەن. مۇشۇنۇڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر تامامەن خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېرورىست قىلىپ كۆرسىتىش تەشۋىقاتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى مۇشۇ شەكىلدە يېپىشقا تىرىشىپ كەلگەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق هۆكۈمەت» نىڭ قورچاق رەئىسى نۇر بەكرى 6-ئىيۇل شاۋگۇەن ۋەقەسى هەققىدە بايانات ئېلىپ قىلىپ، «شەبنەم»، «سەلكىن» ۋە «دىيارىم» قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنبەرلىرىنى قاتتىق ئەيىپلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي «سەلكىن» تورىنىڭ قۇرغۇچىسى گۈلمىرە ئىمىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىندى.

www.uyghurkitap.com



گۈلمىرە ئىمىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كېڭەشىنىڭ قالايمىقان تۇتقۇن قىلىشقا قارشى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تىزىملىككە ئېلىنغان



رەسىم 19: گۈلمىرە ئىمىن

بولۇپ،[29] ئۇ 1977-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلاشقان گۈلمىرە، تەڭرىتاغ رايونى رىيۆشىنگۇاڭ ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇيغۇرچە «سەلكىن» تورىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ 2009-يىلى 5-ئىيۇلدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ب د ت غا ئەۋەتكەن باياناتىدا گۈلمىرە ئىمىن قاتارلىق ئۇيغۇر تور باشقۇرغۇچىلىرىنى ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئارقىلىق بۇ ۋەقەنى تەشۋىق قىلدى دەپ ئەيىبلىدى. گۈلمىرە ئىمىن 5-ئىيۇل نامايىشىنى تەشكىللەش جىنايىتى بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى دائىمىي سىياسىي شۇئارلىرىدىكى يۇمشاق سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتتى. خىتايغا قارشى چىقىشنىڭ چوڭ جىنايەت ۋە ئەخمەقلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى يازمىلار كۆپلەپ يېزىلدى. نەچچە ئون يىللىق كۈزىتىش ۋە ئۈرۈمچى نامايىشى قاتارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇم ۋە بېسىملارغا قارشى تۇرۇش ئېڭىغا دىئاگنوز قويۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئاسان ئاسسىمىلياتسىيە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. 2009-يىلى 9-ئايغىچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سۇيىقەست جىنايەتلىرى يۈز بېرىپ تۇردى. خىتايلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۆچمەنلىك ۋە خىتاي قارا جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قەست قىلىش جىنايەتلىرى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى.

5-ئىيۇلدىكى قەتلىئامدىن كېيىن، خ ك پ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەڭشەش ئېلىپ باردى. كونا ئەمەلدارلىرىنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن  يۆتكىۋېتىپ، يېڭى پارتىيە باشقۇرغۇچىلىرى تەيىنلەندى. شەرقىي تۈركىستاننى 15 يىل 7 ئاي باشقۇرۇپ «新疆王» دەپ نام ئالغان، پارىخورلۇق، قانۇنسىزلىق ۋە چىرىكلىك بىلەن داڭق چىقارغان، خ ك پ نىڭ شەندۇڭلۇق «شىنجاڭ سېكرېتارى» ۋاڭ لېچۈەن (王乐泉) خ ك پ مەركىزىي سىياسىي بيۇروسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. 2009-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى، خ ك پ نىڭ تەستىقى بىلەن بۈگۈنكى جازا لاگېرلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك مېمارلىرىدىن بىرى بولغان جۇ خەيلۈن (朱海仑) ئۈرۈمچى شەھىرى خ ك پ «شىنجاڭ كومىتېتى» نىڭ سېكرېتارى قىلىپ تەيىنلەندى. جۇ خەيلۈن ئەمەلگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئائىلەلەرنىڭ ئىچىگىچە تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خ ك پ نىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئورۇن ئالدى.[30] 5-ئىيۇل قەتلىئامى جۇ خەيلۈننىڭ ئۆسۈش پەشتىقىغا ئايلاندى. قەتلىئامدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردىكى ئاھالىلەر كومىتېتىغا خ ك پ غا ئەزا 1500 كادىر تارقىلىشتۇرۇلۇپ سەپلەنگەن.[31] بۇ ئىجرائاتلار بىلەن بىرلىكتە، خىتاينىڭ يادرولۇق سىياسىتىنى تېخىمۇ قاتتىق يولغا قويۇپ، 2013-يىلى يىل ئاخىرىدىن باشلاپ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرى باشلىدى ۋە 2017-يىلى قۇرماقچى بولغان جازا لاگېرلىرى ئۈچۈن تەييارلىق باشلاندى.

29. United Nations General Assembly, “Report of the Working Group on Arbitrary Detention, A/HRC/22/44”, 18935. December (2012)
<https://www.ohchr.org/Documents/HRBodies/HRCouncil/RegularSession/Session22/A.HRC.22.44_en.pdf>.
30. Wang Weibo, “Xinjiang’in İnsan Kaynakları Hareketliliğini Okumak “解读新疆人事变动_参考网”.
31. Weibo.




جەدۋەل 2: 5ـئىيۇل قەتلىئامىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستى

خىتاي، 2009ـيىلى ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىنمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئىشىنچا ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە يۆتكەشنى داۋام قىلىپ كەلگەن. 2019ـيىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمەت يىغىنى» دا رايوندىن 2 مىليون 700 مىڭ كىشىنى خىتايغا يۆتكەش پىلانلانغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىننىڭ تەپسىلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە:« 2018ـيىلى 2 مىليون 805 مىڭ كىشى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن ۋە يىللىق نىشاننىڭ103.89% ى تاماملانغان، بۇ ۋەزىيەتتە ئەۋەتىلگەن ئىشچىلارنىڭ سانى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. بۇ ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئارتۇش ۋىلايەتلىرىدىن مەجبۇرىي يۆتكەلگەن.» 2017ـيىلىدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ ئاپىرىلغان ئىشچىلار قۇللۇق تۈزۈمدە ۋە ھەربىي ئىنتىزامدا ئىشقا سېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇل ئىشچى زەنجىرىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلار مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىۋاتىدۇ.

## 2.5 خەلقئارانىڭ ئىنكاسى

ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش مىنىستىرى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان ئۈرۈمچىدىكى ھادىسەلەرنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ تەسۋىرلەپ، مۇنداق دېگەن:

*«نەچچە يۈز ئادەم ئۆلگەن، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يارىلانغان بىر ۋەقە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر. بۇنى ئىپادىلەيدىغان باشقا سۆز يوق. بىز بۇنى ھەم ئوخشاش مىللەت، ھەم ئوخشاش قىممەتكە ئىگە كىشىلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تىلغا ئېلىشىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى ھەققىدە گەپ قىلىپ، ئىنسان ھەقلىرىنى تەشەببۇس قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىشلارغا تاماشىبىندەك قاراپ تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس.»*

باش مىنىستىرنىڭ بۇ بايانلىرىدىن كېيىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى يەنە «بىز خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمىز» دەپ بايانات ئېلان قىلغان. باش مىنىستىر ئەردوغان ئىتالىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەسەنبوغا ئايرودرومىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلار يىغىنىدا ئوخشىمىغان ئىككى خىل بايانات توغرىسىدىكى سوئالغا مۇنۇ جاۋابنى بەرگەن:

> «قىلغان سۆزلىرىمنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە ئىشىنىپ تۇرۇپ ئېيتتىم. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى دوستلار مېنىڭ سۆزۈمدىن پەرقلىق ئىپادىنى ئىشلەتمەيدۇ ۋە ئىشلەتمەيدۇ. بۇ يەردە بىر خاتا چۈشۈنۈش بولۇشى مۇمكىن. ھازىر خىتايدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق. ئۇنى باشقا ئۇسۇلدا شەرھلەشنىڭ پايدىسى يوق. بىز ئىنچىل خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوللايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ئەمما بىز ئۇ يەردىكى يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ھەققىنى قوغداشنى ئىنچىل تەلەپ قىلىپ كەلدۇق.»[32]

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى چىن گاڭ(秦刚) باش مىنىستىر رەجەپ تايىيىپ ئەردوغاننىڭ بۇ قەتلىئام ھەققىدىكى باياناتىنى تەنقىد قىلىپ، بۇنىڭ ئەقىل ۋە مەنتىققە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، ھەمدە ۋەقەدە ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خىتاي مىللىتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[33] ئۇندىن باشقا، خىتاينىڭ ھۆكۈمەت گېزىتى China Daily ئەردوغاننىڭ سۆزىنى ئىشارەت قىلىپ، ئەردوغاننىڭ سۆزلىرىنى «مەسئۇلىيەتسىزلىك» ۋە «ئاساسسىز» بايانلار دېگەن، شۇنداقلا ئەردوغاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىشىنى تەلەپ قىلغان.[34]

خىتاينىڭ رەسمىي ئاخباراتى شىنخۇا تورى «تۈركىيە

خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنىڭ جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ» سەرلەۋھەلىك خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ 6-ئىيۇلدىكى ۋەقە توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلغانلىقى ۋە باياناتىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ۋەقەنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئورۇن ئالغان.[35]

2009-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى، خىتاينىڭ سوخو خەۋەر تورىدا ئېلان قىلىنغان «تۈركىيە باش مىنىستىرى ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقىغا مەسئۇل» تېمىلىق خەۋەردە، باش مىنىستىر ئەردوغاننىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ھەققىدىكى ئىزاھاتى قاتتىق تەنقىدلەنگەن. خەۋەردە، دىئاسپورادىكى خىتايلارنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئەردوغاننىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.[36] خەۋەر تۆۋەندىكىچە:

> ئەگەر بىگۇناھ خىتايلار ياكى باشقا دۆلەتلەردىكى بىگۇناھ پۇقرالار «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» يالغانچىلىقىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىسا، ئەردوغان ئاققان ھەر بىر تامچە قانغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يەنە بۇ قەتلىئامنى «تەرەپسىز ۋە مۇستەقىل» تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، «ئۆز نارازىلىقىنى تىنچ يول بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى ۋە پىكىر بايان قىلىش، ئۇيۇشۇش ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكىنى قوللانغانلىقى» ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئادىل سوتلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[37]

كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى، خىتاي دۆلىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رايوندىكى سىياسەت ۋە ۋەقەلەرنى مۇستەقىل تەكشۈرۈشگە يول قويۇشى كېرەكلىكىنى

32. Milliyet, “Erdoğan: Adeta bir soykırım -”, *Milliyet*, 2009 <https://www.milliyet.com.tr/amp/dunya/erdogan-adeta-bir-soykirim-1116463>
33. BBC, “Çin’den Erdoğan’a tepki”, *BBC Türkish*, 2009 <http://www.bbc.co.uk/turkish/news/story/2009/07/090714_chinaturkey.shtml>
34. VOA, “Çin: ‘Müslüman Ülkelerle İlişkilerimiz Etkilenmeyecek’”, *VOA*, 2009 <https://www.amerikaninsesi.com/a/a-17-2009-07-14-voa21-88151817/873714.html>
35. Fenghunag Net, “Türkiye, Çin Hükümetinin Urumçi olaya sebep olanları adalete teslim etmesini umuyor (土耳其希望中国政府将乌鲁木齐事件制造者绳之以法)”, 凤凰网资讯, 2009 <https://news.ifeng.com/c/7fYPSYhDZYk>
36. Sohu News, “Türkiye Başbakanı yalanlarından sorumludur (土耳其总理要为自己的谎言负责)”, 搜狐新闻, 2009 <http://news.sohu.com/20090717/n265295177.shtml>
37. Amnesty İnternational, “China must investigate 156 deaths during protests in Urumqi”, *Amnesty İnternational,* 2009 <https://www.amnesty.org/en/latest/news/2009/07/china-must-investigate-156-deaths-during-protests-urumqi-20090707/>

بىلدۈردى. ئۇ يەنە خىتاينىڭ خەلقئارا قائىدىلەرگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە نامايىشنى بېسىقتۇرغاندا پەقەت مۆۋاپىق كۈچ ئىشلىتىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[38]

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشلىرى سەۋەبلىك ئالجىرىيەدىكى پۇقرالىرىنى ئەلقائىدەنىڭ ئۆچ ئېلىش ھۇجۇمى ئېھتىمالىغا قارىتا ئاگاھلاندۇردى.[39]

## 2.6 داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق

خىتاي دۆلىتى 5-ئىيۇلدىكى قەتلىئامنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تېرورلۇق كۈچلىرى ھەمكارلىشىپ پەيدا قىلغان بۇزغۇنچىلىق ۋە زوراۋانلىق ۋەقەسى دەپ تەشۋىق قىلدى. ئاساسىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشتىن باشقا مەقسىتى يوق شەرقىي تۈركىستانلىقلار تېرورچى، رادىكال ئىسلامچى ياكى بۆلگۈنچى سۈپىتىدە كۆرسىتىلدى. ئەمەلىيەتتە،بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى يىللاردىن بۇيان داۋام قىلغان خىتاينىڭ بېسىم سىياسىتى، ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىپ خورلىشى ۋە ئىشغالىيىتى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان مۇستەملىكە سىياسىتى ئىدى، پۈتۈن بۇلارغا شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ ياش قىزلارنىڭ مەجبۇرىي ھالدا خىتايغا ئېلىپ كېتىلىشى ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىلەرگە دۇچار بولۇشى قوشۇلۇپ كىشىلەرنىڭ ۋىجدانى چىدىمىغانلىقتىن يوللارغا چىققان ئىدى.[40]



رەسىم 20: قىرغىنچىلىقنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدە يوقاپ كەتكەن ئەرلىرىنى ئىزدەپ نامايىش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، خىتاي دۆلىتى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تېرورچى بولۇش ئېھتىماللىقى بار دەپ تەسۋىرلەپ، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۇتقۇن قىلىش ۋە باستۇرۇش سالمىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. خىتاي 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى نامايىشىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سۈيىقەستلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان باھانە قىلىپ ئىشلىتىپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قارىغان خىتاي، كىشىلەرنى ئۈرۈمچى قەتلىئامى جەريانىدا نامايىشقا ئېتىقادى سەۋەبلىك قاتناشقان دەپ قارىدى. بۇ سەۋەبتىن، 2010-يىلدىن باشلاپ ئىبادەت سورۇنلىرىغا قويۇلغان چەكلىمىلەر كۈچەيدى ۋە ئېتىقات ئەركىنلىكى داۋاملىق دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراپ كەلدى. ساقچىلارغا 2013-يىلى «تېرورلۇققا قارشى قاتتىق زەربە بېرىش» سىياسىتى بىلەن خالىغانچە ئوق چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلگەن بولسا، 2014-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، «ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 ئىپادىسى» نامىدا تىزىملىك ئېلان قىلىنىپ، دىنىي ئىبادەتنى پۈتۈنلەي چەكلىدى.[41] 2017-يىلدىن باشلاپ، ناتسىست ئۇسلۇبىدىكى جازا لاگېرلىرى سىياسىتىنى يولغا قويغان خىتاي ھۆكۈمىتى، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى جازا لاگېرلىرىغا قامىدى. شەرقىي

38. Human Rights Watch, “China: Exercise Restraint in Xinjiang”, *Human Rights Watch,* 2009 <https://www.hrw.org/news/2009/07/06/china-exercise-restraint-xinjiang>
39. Lucy Hornby, “China warns citizens in Algeria of al Qaeda threat | Reuters”, *Reuters,* 2009 <https://www.reuters.com/article/us-china-xinjiang-idUSTRE56E0KW20090715>
40. Orhan Kavuncu, “5 Temmuz 2009 Urumçi Unutulmayacak! - Orhan KAVUNCU”, *Türk Ocakları Genel Merkezi,* 2010 <https://www.turkocaklari.org.tr/yazar/orhan-kavuncu/5-temmuz-2009-urumci-unutulmayacak-1677>
41. cssn.cn, “Xinjiang’da bazı bölgeler 75 aşırı dini faaliyetler hakkında bilgiler öğreniyor, faaliyette bulunanlara rastalnın-ca polise bildirebilir (新疆部分地区学习识别75种宗教极端活动 遇到可报警)”, *www.cssn.cn* (中国社会科学网), 2014 <http://www.cssn.cn/zjx/zjx_zjsj/201412/t20141224_1454905_1.shtml>.

www.uyghurkitap.com

تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن قوشۇپ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىمۇ يوقىتىش ئۈچۈن پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەقبەرە ۋە قەبرىستانلىقلىرى ۋەيران قىلىنىش بىلەن بىرگە، تەخمىنەن 16 مىڭ مەسچىت «رېمونت قىلىش» باھانىسى بىلەن 2017-يىلدىن باشلاپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى ياكى ئىسلامىي بىناكارلىق تۈسىگە ئىگە قۇرۇلۇشلار ياكى سىمۋوللۇق جايلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.[42] 2017-يىلدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنىي ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا توي قىلىشى ياكى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشى مەنئىي قىلىندى. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە نورۇز بايرىمى قاتارلىق دىنىي ۋە مىللىي بايراملارغا چەكلىمە قويۇلۇپ، خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنى تەبرىكلەشكە، چوشقا گۆشى يېيىشكە ۋە ھاراق ئىچىشقا مەجبۇرلاندى.[43] [44] [45] شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللار خىتاي كۆچمەنلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاندى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللىتىگە تەۋە شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللار مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش ۋە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈشكە زورلاندى. «قوشماق تۇغقان» سىياسىتى بىلەن 1 مىليوندىن ئارتۇق خىتاي ئەمەلدارلار شەرقىي تۈركىستانلىق ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ئائىلىدىكى مەھرەمىيەت يەر بىلەن يەكسان قىلىندى.[46] [47] ئۇيغۇر تىلى بارلىق مەكتەپلەردە، دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋە ھەتتا ئىجتىمائىي ئالاقىدىمۇ چەكلەندى. كۇەيشوۋ (快手) غا ئوخشاش خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە دېتاللىرىدا ئۇيغۇرچە ھەرپ بىلەن يېزىلغان بارلىق مەزمۇنلارنىڭ ھەمبەھىرلىنىشى چەكلىنىۋېتىلدى. شەرقىي تۈركىستاندا مىڭلىغان زىيالىي، ئۆلىما، تىجارەتچى، سەنئەتچى ۋە جەمئىيەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل بوھتان ۋە تۆھمەتلەر بىلەن يوقىتىلغانلىقى دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جازا لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە قامالدى.[48] [49] جەمئىيەتنىڭ قالغان قىسمى كىچە-كۈندۈز دىگۈدەك ھەرتۈرلۈك ئېغىر ھاشارلار بىلەن تىركىشىۋاتىدۇ؛ خىتاينىڭ تۈگىمەس بەلگىلىمە-سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە، بىر-بىرىنى پاش قىلىشقا مەجبۇرلىنىۋاتىدۇ.[50] بۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار دىژىتال كۆزىتىش تېخنىكىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئەركىنلىكىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان ھالەتتە ياشىماقتا. ئىككى مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆسمۈر ئاتا-ئانىلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىپ، دارىلئېتام ياكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە مېڭىسى كوممۇنىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇيۇلۇپ، خىتايچە تەپەككۇر قىممىتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلىنىۋاتىدۇ.[51] [52] [53]

42. Mustafa Bag, “ASPI Raporu: Doğu Türkistan’da 16 bin cami kısmen tahrip edildi, 8 bin 500 cami yıkıldı”, *euronews*, 2020 <https://tr.euronews.com/2020/09/25/aspi-raporu-dogu-turkistan-da-16-bin-cami-k-smen-tahrip-edildi-8-bin-500-cami-y-k-ld>.
43. “Uygur bölgesinde oruç yasağı görülmedi”, *Hürriyet.con.tr*, 2015 <https://www.hurriyet.com.tr/dunya/uygur-bolgesinde-oruc-yasagi-gorulmedi-29495715>
44. Türkistan Press, “Bir Çinli Öğretmenin itirafı: ‘Uygurlara domuz eti yediriyoruz’”, 2020 <http://turkistanpress.com/page/bir-cinli-ogretmenin-itirafi-uygurlara-domuz-eti-yediriyoruz-/1610>
45. Long Qiao, “Xinjiang Nevruz Bayramında korumaları arttırdı Uygurların gelenkelerini yasakladı (新疆诺鲁孜节警提升戒备　禁维人习俗波及各单位)”, *RFA*, 2013 <https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/shaoshuminzu/ql2-03212013104045.html>.
46. Mustafa Bag, “RFA: Doğu Türkistanlı kadınlar, Çinli erkek görevlilerle yatağını paylaşmaya zorlanıyor”, *euronews*, 2019 <https://tr.euronews.com/2019/11/19/dogu-turkistanli-kadinlar-cinli-erkek-gorevlilerle-yatagini-paylasmaya-zorlaniyor>.
47. Sertaç Aktan, “Rapor: Zorla doğum kontrolü ve kısırlaştırma ile Uygur nüfusu azaltılıyor”, *euronews*, 2020 <https://tr.euronews.com/2020/08/03/rapor-zorla-dogum-kontrolu-ve-k-s-rlast-rma-ile-uygur-nufusu-azalt-l-yor>.
48. Ayyıldız Huri Kaptan, “Çin, Doğu Türkistan’da dil asimilasyonunu hızlandırıyor: Bilgi akışı ‘mandarin Çince’ olacak”, *QHA,* 2020 <https://qha.com.tr/haberler/cin-dogu-turkistan-da-dil-asimilasyonunu-hizlandiriyor-bilgi-akisi-mandarin-cince-olacak/143373/>.
49. DUK, “Doğu Türkistan’da 300’den fazla aydın tutuklu”, *Dünya Uygur Kurultayı,* 2019 <https://www.uyghurcongress.org/tr/dogu-turkistanda-300den-fazla-aydin-tutuklu/>.
50. Safvan Allahverdi, “‘Çin, Sincan’ı laboratuvar ve bedava işçilik olarak görüyor’”, 2019 <https://www.aa.com.tr/tr/dunya/cin-sincani-laboratuvar-ve-bedava-iscilik-olarak-goruyor/1562797>
51. Doğru Haber, “Çin yönetimi Doğu Türkistan’da 500 bin çocuğu asimilasyon merkezlerine kapattı”, *Doğru Haber,* 2020 <https://dogruhaber.com.tr/haber/700999-cin-yonetimi-dogu-turkistanda-500-bin-cocugu-asimilasyon-merkezlerine-kapatti/>.
52. Mustafa Bag, “Doğu Türkistanlı çocukların tutulduğu toplama kampı gizli kamerada”, *euronews*, 2019 <https://tr.euronews.com/2019/01/31/dogu-turkistanli-cocuklarin-tutuldugu-toplama-kampi-gizli-kamerada>.
53. Muhammed Ali Atayurt, “İki milyon Uygur Türkü çocuk, Çinlileştirme merkezlerinde tutuluyor”, *Türkistan Press*, 2019 <http://turkistanpress.com/page/2-milyon-uygur-turku-cocuk-cinlilestirme-merkezinde-tutuluyor/460>.

# خۇلاسە

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خ ك پ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان ئىزچىل داۋراڭ سېلىپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە قانۇنىنى قوغداش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پرىنسىپى ھەققىدىكى تەشۋىقاتلىرىنىڭ 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقى بىلەن تەڭ تامامەن يالغان ۋە ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشتەك ئاشكارە بولدى. شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەسلى تۈگۈنىنىڭ ئۆز زېمىنلىرىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. خىتاي دۆلىتى ۋە خىتاي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنىڭ تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى. بۇنىڭ بىلەن، خىتاينىڭ بارلىق يۇمشاق سۆزلىرى تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، «خىتاي ھۆكۈمىتى»مۇ بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىنى قاتتىق سىياسەتلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نەزىرىدە، «خىتاي ھۆكۈمىتى» ئىناۋىتى ۋە قانۇنىيلىقىنى تامامەن يوقاتتى. خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ھاڭ پەيدا بولدى.

2010-يىلى 5-ئايدا خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا 5-ئىيۇلنى چۆرىدىگەن ئاساستا «شىنجاڭ خىزمەت يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئىكەنلىكى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قېلىشى بىلەن مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولىدىغانلىقى، ھېچقانداق مىللىي مەسىلە ياكى سىياسىي خاتالىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋە قورغاس ئەركىن سودا رايونى دەپ ئېلان قىلىندى ۋە قەشقەرنى غەربتىكى شېنجېن قىلىمىز دېگەن شوئارلار ئېلان تاختىلىرىغا چاپلاندى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا ئېلىپ بېرىلىپ «ئىشقا ئورۇنلىشىشى»، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ خىتاي كۆچمەننى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىپ رايوننى «تەرەققىي قىلدۇرۇش»نىڭ زۆرۈرلۈكى مەتبۇئاتلاردا كەڭ ئورۇن ئالدى. قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەھدىتلەر بازارغا سېلىندى. بولۇپمۇ« قەشقەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» پىلانىغا ئاساسەن، چوڭ قۇرۇلۇش شىركەتلىرى قەشقەرگە كىرىپ قەشقەرنى يېڭىباشتىن تالان-تاراج قىلىشنىڭ يولىنى ئاچتى. بۇ پىلان بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرك-ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ۋەيران قىلىش سۈرئىتى تېزلەشتى. نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قەشقەر كوچا-مەھەللە ئۆيلىرى مەجبۇرىي چېقىلىشقا باشلىدى. خ ك پ ئىلگىرىكى مۇئامىلىسىگە ئوخشاشلا بۇ سىياسەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تارىخىي، سىياسىي، مىللىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەرنى پىلانلىق بىر شەكىلدە يوشۇردى. بۇ خىتاينىڭ ئەنئەنىۋىي مىللىي ۋە سىياسىي مەپكۇرىسى بىلەن كوممۇنىست مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي-سىياسىي مەپكۇرىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان «مەندىن بولمىغاننىڭ نىيىتى باشقا» مەنىسىدىكى 非我族类、其心必以 سۆزى خىتايلارنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان قارىشىنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا، كوممۇنىزم ۋە خىتاي ئۇسلۇبىدىكى مۇستەبىت قۇرۇلمىلىق دۆلەتتە ياشايدىغان كىشىلەرنى خەلق ۋە دۈشمەن دەپ ئىككىگە ئايرىپ كەلدى. خىتاينىڭ دۆلەت ئېڭى بويىچە خىتاي مىللىتىدىن بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۈشمەن كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ، بۇ ئىدېئولوگىيەلىك ئارقا كۆرۈنۈشتە، خ ك پ سىياسىتى ۋە تەپەككۇرىغا زىت ھەر قانداق پىكىر ۋە ھەرىكەتنى تەبىئىي ھالدا دۈشمەن دەپ جاكارلاپ يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى. خ ك پ ياقىلاپ كېلىۋاتقان ماركسىزملىق دۆلەت چۈشەنچىسى ۋە مىللىي تەپەككۇر نەزەرىيەسىدە، كوممۇنىزم ئىنسانىيەت يېتىپ كەلگەن ئەڭ ئادىل ۋە ئەڭ ئاخىرقى سىياسىي تۈزۈم بولۇپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ كوممۇنىزم سەۋىيەسىگە چىقالىشى ئۈچۈن ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە بىرلىشىشى، پەرقلىقلەرنىڭ يوقىلىشى شەرت ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا مىللەت ئۇقۇمى ۋە ئىدىيەسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوقىلىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، خىتاي دۆلىتى 5-ئىيۇل نامايىشىنى ئەسلا قوبۇل قىلالمايدۇ ۋە رەھىمسىزلەرچە قاتتىق باستۇرۇلۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، 5-ئىيۇل، شەرقىي تۈركىستان 1949-يىلى خ ك پ ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەڭ كەڭ كۆلەملىك ھوقۇق تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى ھېساپلىنىدۇ. گەرچە خىتاي شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە قورقۇتۇش تۈزۈمى بىلەن ئىنتىپاقلىق روھىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، 5-ئىيۇل كوچىغا چىققان كىشىلەر خىتاي تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ئېشىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ قانۇنىي ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى ئىزدەش ئىرادىسى مۇستەھكەم ئىدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تەشكىللەنگەنلىكى ۋە زامانىۋى ئالاقە تورىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تېخنىكىلىرىغا ماسلىشىش ئارزۇسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. نامايىشقا قاتناشقانلار «ھوقۇق ۋە قانۇننىڭ ئادالىتى»نى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ نامايىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنتىپاقلىق روھىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى. 2013-يىلى، خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە قىش ئايلىرىدا قاتتىق يەر تەۋرەش يۈز بەردى، ئۇيغۇرلار ئۆز-ئارا ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىك تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى. خىتاينىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماستىن نۇرغۇن كىشىلەر ئاپەت رايونىغا ياردەم ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى، بۇ ئىنتىپاقلىق روھى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېنىق ھېس قىلىندى. بۇ ئىنتىپاقلىق روھى ۋە 5-ئىيۇل كۈنى كوچىلاردا شېھىت قىلىنغان ۋە غايىب بولغان نۇرغۇن كىشىلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدە قەھرىمان سۈپىتىدە ئەسلىنىدۇ ۋە شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ئالتۇن ۋاراقلىرىغا خاتىرلىنىدۇ.

# پايدىلانمىلار

Aktan, Sertaç, “Rapor: Zorla doğum kontrolü ve kısırlaştırma ile Uygur nüfusu azaltılıyor”, *euronews,* 2020 <https://tr.euronews.com/2020/08/03/rapor-zorla-dogum-kontrolu-ve-k-s-rlast-rma-ile-uygur-nufusu-azalt-l-yor>

Amnesty International, *China’s anti-terrorism legislation and repression in the Xinjiang Uighur Autonomous region |, Amnesty International,* 2002 <https://www.amnesty.org/en/documents/ASA17/010/2002/en/> [Erişim Tarihi: 08.06.2021]

Amnesty İnternational, “China must investigate 156 deaths during protests in Urumqi”, *Amnesty İnternational,* 2009 <https://www.amnesty.org/en/latest/news/2009/07/china-must-investigate-156-deaths-during-protests-urumqi-20090707/> [Erişim Tarihi: 23.06.2021]

Atayurt, Muhammed Ali, “İki milyon Uygur Türkü çocuk, Çinlileştirme merkezlerinde tutuluyor”, *Türkistan Press,* 2019 <http://turkistanpress.com/page/2-milyon-uygur-turku-cocuk-cinlilestirme-merkezinde-tutuluyor/460>

Bag, Mustafa, “ASPI Raporu: Doğu Türkistan’da 16 bin cami kısmen tahrip edildi, 8 bin 500 cami yıkıldı”, *euronews,* 2020 <https://tr.euronews.com/2020/09/25/aspi-raporu-dogu-turkistan-da-16-bin-cami-k-smen-tahrip-edildi-8-bin-500-cami-y-k-ld>

———, “Doğu Türkistanlı çocukların tutulduğu toplama kampı gizli kamerada”, *euronews,* 2019 <https://tr.euronews.com/2019/01/31/dogu-turkistanli-cocuklarin-tutuldugu-toplama-kampi-gizli-kamerada>

———, “RFA: Doğu Türkistanlı kadınlar, Çinli erkek görevlilerle yatağını paylaşmaya zorlanıyor”, *euronews,* 2019 <https://tr.euronews.com/2019/11/19/dogu-turkistanli-kadinlar-cinli-erkek-gorevlilerle-yatagini-paylasmaya-zorlaniyor>

Baidu Baike, “Aile Planlama Politikası (计划生育 <基本国策>)”, *BaiduBaike (*百度百科*),* 2021 <https://baike. baidu.com/item/计划生育/608369?fr=aladdin>

BBC, “Çin’den Erdoğan’a tepki”, *BBC Türkish,* 2009 <http://www.bbc.co.uk/turkish/news/story/2009/07/090714_chinaturkey.shtml> [Erişim Tarihi: 22.06.2021]

Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti, “Guangdong eyaletinin Shaoguan’deki bir oyuncak fabrikasında çıkan grup kavgasında iki kişi öldü.(广东韶关一玩具厂发生群体斗殴事件 已有2人死亡)”, 中央政府门户网 *www.gov.cn*, 2009 <http://www.gov.cn/jrzg/2009-06/28/content_1352112.htm> [Erişim Tarihi: 08.06.2021]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



———, “Guangdong Kamu Güvenliği Departmanı Xiaoguan’deki toplu çatışma olayında 13 şüpheliyi gözaltına aldı (粤公安部门刑拘13名韶关集体斗殴事件犯罪嫌疑人)”, 中央政府门户网 *www.gov.cn,* 2009 <http://www.gov.cn/jrzg/2009-07/07/con-tent_1359025.htm>

———, “Shaoguan’deki 6.26 olayına katılan iki mahkumun ceza hükmü ilk etapta kamuoyuna açıklandı (韶关”6·26”事件涉及的两起犯罪案件一审公开宣判)”, 中央门户网 *www.gov.cn,* 2009 <http://www.gov.cn/jrzg/2009-10/10/content_1435236.htm>

———, “新疆维吾尔自治区3年转移300多万农业富余劳动力”, *Çin Halk Cumhuriyeti Halk Hükümeti* (中华人民共和国人民政府), 2008 <http://www.gov.cn/jrzg/2008-04/17/content_947069.htm>

cssn.cn, “Xinjiang’da bazı bölgeler 75 aşırı dini faaliyetler hakkında bilgiler öğreniyor, faaliyette bulunanlara rastalnınca polise bildirebilir (新疆部分地区学习识别75种宗教极端活动遇到可报警)”, *www.cssn.cn* (中国社会科学网), 2014 <http://www.cssn.cn/zjx/zjx_zjsj/201412/t20141224_1454905_1.shtml>

Cuma, “Shaoguan katliamında saldırıya uğrayan Uygur işçilerle ilk görüşme شاۋگۇەن قانلىق ۋەقەسىدە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن تۇنجى سۆھبەت”, 2009 <https://www.rfa.org/uyghur/programmilar/insan_heqliri/guangdong-qanliq-weqesi-07022009201547.html> [Erişim Tarihi: 08.06.2021]

Doğru Haber, “Çin yönetimi Doğu Türkistan’da 500 bin çocuğu asimilasyon merkezlerine kapattı”, *Doğru Haber,* 2020 <https://dogruhaber.com.tr/haber/700999-cin-yonetimi-dogu-turkistanda-500-bin-cocugu-asimilasyon-merkezlerine-kapatti/>

DUK, “Doğu Türkistan’da 300’den fazla aydın tutuklu”, *Dünya Uygur Kurultayı,* 2019 <https://www.uyghurcongress.org/tr/dogu-turkistanda-300den-fazla-aydin-tutuklu/>

Erkin, “(Peyziavatlı Uygur kızlar Çin’in elayetlerinde çalışmaya zorlandı) پەيزىۋاتلىق ئۇيغۇر قىزلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەشكە مەجبۇرى ئېلىپ كېتىلدى”, *Radio Free Asia,* 2006 <https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/ichkirige-yotkesh-20061218 html>

Erkin, Emet, “Çin’in çift dilli eğitim adı altında Uygur Türkçesini yok etme politikası”, *Kök Sosyal ve Stratejik Araştırmalar Vakfı,* 2008 <http://www.koksav.org.tr/ebulten/ocak2008/080129_kok-eb_hk-eemet.pdf>

———, “Doğu Türkistan’da çift dilli eğitim”, içinde *Uluslararası Asya ve Kuzey Afrika Çalışma ları Kongresi (ICANAS 38),* 2007 <https://www.ayk.gov.tr/wp-content/uploads/2015/01/EMET-Erkin-DOĞU-TÜRKİSTAN’DA-ÇİFT-DİLLİ-EĞİTİM.pdf?fbclid=IwAR1Wojz_J2dJGz_5xi27HPrnkW-ZGSKz7jttb--hbR1XB1TSmV-zULOszXg>

Fenghunag Net, “Türkiye, Çin Hükümetinin Urumçi olaya sebep olanları adalete teslim etmesini umuyor (土耳其希望中国政府将乌鲁木齐事件制造者绳之以法)”, 凤凰网资讯, 2009 <https://news.ifeng.com/c/7fYPSYhDZYk> [Erişim Tarihi: 23.06.2021]

Gülçehre, “(Çin hükümetinin genç Uygur kızlarını düşük fiyatlarla Çin illerine yerleştirmesinin gerçek amacı nedir?) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياش ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى نىمە؟”, *Radio Free Asia,* 2007 <https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/xitay-gha-yotkesh-20070116.html>

Human Rights Watch, “China: Exercise Restraint in Xinjiang”, *Human Rights Watch,* 2009 <https://www.hrw.org/news/2009/07/06/china-exercise-restraint-xinjiang> [Erişim Tarihi: 23.06.2021]

İzbasar, Nureddin, *Doğu Türkistan Raporu: Geçmişten bugüne dini ve etnik baskılar* (İstanbul, 2020) <https://www.ihh.org.tr/public/news/4/4462/dogu-turkistan-raporu---nurettin-izbasar.pdf>

Kaptan, Ayyıldız Huri, “Çin, Doğu Türkistan’da dil asimilasyonunu hızlandırıyor: Bilgi akışı ‘mandarin Çince’ olacak”, QHA, 2020 <https://qha.com.tr/haberler/cin-dogu-turkistan-da-dil-asimilasyonunu-hizlandiriyor-bilgi-akisi-mandarin-cince-olacak/143373/>

Li, Xiaoxia, “Xinjiang’daki camilerin sayısı ve yönetim politikası (新疆清真寺的数量变化及管理政策分析)”, *Dipartment of Sociology of China,* 2017, 40

———, “Xinjiang’daki nüfus değişiklikleri analiz raporu(新疆地区人口变动情况分析报告)”, *Çin Kaşgar Net* (中国喀什网), 2021 <http://m.zgkashi.com/c/2021-01-07/510339.shtml>

Lucy Hornby, “China warns citizens in Algeria of al Qaeda threat | Reuters”, *Reuters,* 2009 <https://www.reuters.com/article/us-china-xinjiang-idUSTRE56E0KW20090715> [Erişim Tarihi: 23.06.2021]

Mihriban, “Uygur şarkıcı Mirzat Alim gizli bir şekilde öldürüldü (ئۇيغۇر ناخشىچىسى مىرزات ئالىم سىرلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى)”, *Radio Free Asia,* 2009 <https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/mirzat-alim-olumi-08242009194813.html> [Erişim Tarihi: 09.06.2021]

Milliyet, “Erdoğan: Adeta bir soykırım -”, *Milliyet,* 2009 <https://www.milliyet.com.tr/amp/dunya/erdogan-adeta-bir-soykirim-1116463> [Erişim Tarihi: 22.06.2021]

Orhan Kavuncu, “5 Temmuz 2009 Urumçi Unutulmayacak! - Orhan KAVUNCU”, *Türk Ocakları Genel Merkezi,* 2010 <https://www.turkocaklari.org.tr/yazar/orhan-kavuncu/5-temmuz-2009-urumci-unutulmayacak-1677> [Erişim Tarihi: 09.06.2021]

Qiao, Long, “Xinjiang Nevruz Bayramında korumaları arttırdı Uygurların gelenkelerini yasakladı (新疆诺鲁孜节警提升戒备 禁维人习俗波及各单位)”, *RFA,* 2013 <https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/shaoshuminzu/ql2-03212013104045.html>

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



Safvan Allahverdi, "'Çin, Sincan'ı laboratuvar ve bedava işçilik olarak görüyor'", 2019 <https://www.aa.com.tr/tr/dunya/cin-sincani-laboratuvar-ve-bedava-iscilik-olarak-goruyor/1562797> [Erişim Tarihi: 09.06.2021]

Sina, "2010 yılına kadar, Çin'in uzak bölgelerindeki Xinjiang Sınıfların sayısı 20.000'e yükselecek到2010年新疆内高班人数将增加到2万人", 新浪教育, 2006 <http://edu.sina.com.cn/exam/2006-08-21/104251067.html> [Erişim Tarihi: 18.06.2021]

Sohu News, "Türkiye Başbakanı yalanlarından sorumludur (土耳其总理要为自己的谎言负责)", 搜狐新闻, 2009 <http://news.sohu.com/20090717/n265295177.shtml> [Erişim Tarihi: 23.06.2021]

Tohti İlham, "Pekin'deki Uygur üniversite öğrencilerinin Xinjiang'daki çift dilde eğitime yönelik tutumları hakkında araştırma (在京维吾尔族大学生对新疆双语教育的态度调查)", 维吾尔在线, 2011 <http://uyghurbiz.org/在京维吾尔族大学生对新疆双语教育的态度调查/> [Erişim Tarihi: 17.06.2021]

Türkistan Press, "Bir Çinli Öğretmenin itirafı: 'Uygurlara domuz eti yediriyoruz'", 2020 <http://turkistanpress.com/page/bir-cinli-ogretmenin-itirafi-uygurlara-domuz-eti-yediriyoruz-/1610> [Erişim Tarihi: 09.06.2021]

Türkoz, Ahmet, "Doğu Türkistan'da insan hakları" (İstanbul Üniversitesi, 1998) <http://nek.istanbul.edu.tr:4444/ekos/TEZ/32417.pdf>

Türköz, Ahmet, "Doğu Türkistan'da insan hakları" (İstanbul Üniversitesi, 1998) <http://nek.istanbul.edu.tr:4444/ekos/TEZ/32417.pdf>

Tursuntohti, Gulcennet, Abdukahar Abdukerem, ve Kang Jiahua, "Xinjiang Uygurlarının çift dilli eğitiminin gelişim tarihinin kısa bir literatür taraması (新疆维吾尔族双语教育发展历史的简短文献梳理)", 科技视界, 31 (2015) <http://www.cqvip.com/qk/70356a/201531/666339113.html> [Erişim Tarihi: 18.06.2021]

United Nations General Assembly, "Report of the Working Group on Arbitrary Detention, A/HRC/22/44", 18935.December (2012) <https://www.ohchr.org/Documents/HRBodies/HRCouncil/RegularSession/Session22/A.HRC.22.44_en.pdf>

"Uygur bölgesinde oruç yasağı görülmedi", *Hürriyet.con.tr,* 2015 <https://www.hurriyet.com.tr/dunya/uygur-bolgesinde-oruc-yasagi-gorulmedi-29495715> [Erişim Tarihi: 09.06.2021]

VOA, "Çin: 'Müslüman Ülkelerle İlişkilerimiz Etkilenmeyecek'", *VOA,* 2009 <https://www.amerikaninsesi.com/a/a-17-2009-07-14-voa21-88151817/873714.html> [Erişim Tarihi: 23.06. 2021]

Weibo, Wang, "Xinjiang'in İnsan Kaynakları Hareketliliğini Okumak 解读新疆人事变动_参考网"

World Uyghur Congress, *5 Temmuz Urumçi katliamı: 60 yıllık Çin zulmünün doruk noktası (7.5* 2010 *,( ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى: 60 يىللىق خىتاي زۇلۇمىنىڭ يۇقىرى پەللىسى)* <https://www.uyghurcongress.org/uy/wp-content/uploads/Ürümchi-qirghinchiliqi-60-yilliq-xitay-zulumining-yuqiri-pelliri.pdf> [Erişim Tarihi: 08.06.2021]

Wuyouwendang Net, "Xinjiang'daki etnik azınlıklar için iki dilli eğitimin gelişim süreci (新疆少数民族双语教育发展历程综述)", *www.51jzrc.cn,* 2019 <https://www.51jzrc.cn/show-32-103074-1.html>

Xingchi, Li, "(Xinjiang Hükümeti, çiftçiler ve çobanlar için yeni bir istihdam programı yürütme yoluna giriyor) 新疆走出农牧民劳动力转移就业培训新路子", CCTV.com, 2007

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى _ETHR
2019-يىلى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان ئىقتىسادى پايدىنى كۆزلىمەيدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتتۇر.

شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان (ETHR) خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، قانۇن ۋە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ يوق ئورنىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ھەقلەر، يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتى ۋە قوللىنىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش، دىئاسپورادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى ئاشكارىلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىشەنچلىك مەنبەلەر ۋە گۇۋاھلىقلارغا ئاساسەن ئىنسان ھەقلىرى تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق دەپسەندە قىلىنغان ھەقلەرنى دوكلات ھالىتىگە كەلتۈرۈش ۋە دۇنيا جامائىتىنى بۇ ھەقتە مەلۇمات بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇ دوكلاتلارنى تەييارلاش جەريانىدا، ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى ئىشلىتىشكە، مۇبالىغە ۋە ساغلام بولمىغان ئۆچۈرلاردىن ساقلىنىشقا زور ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

ETHR
DOĞU TÜRKİSTAN İNSAN HAKLARI İZLEME DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى
EAST TURKISTAN HUMAN RIGHTS WATCH ASSOCIATION
مرصد تركستان الشرقية لحقوق الإنسان

Karagümrük Mah. Sarmaşık Sok. No:30 D:1 Fatih, İstanbul, Türkiye
www.ethrw.org | info@ethrw.org




Doğu Türkistan İnsan Hakları İzleme Derneği
Karagümrük Mahallesi Sarmaşık Sokak No:30/01 Fatih İstanbul
İletişim: 0212 524 69 99
mail: info@ethrw.org www.ethrw.org